# ئىزدىنىش

(تاللانما)

9 1998

# ئىزدىنىش

(تاللانما) 1998-يىل 9-سان
(ئومۇمىي 123-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1998-يىللىق 13-، 14-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى

## مۇندەرىجە

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيە ئىچىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى ........................................................ (2)

دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئۇلارنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەش لازىم ..................... ۋۇ باڭگو (14)

ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەش ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن قوراللىنىش
—دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ۋە 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا دائىر بىرنەچچە مەسىلە توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم .................... جېڭ بىجيەن (31)

★9-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكتىرونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى-نىڭ پۈتۈن پارتىيە ئىچىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى

پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ بەلگىلەندى، پارتىيە نىزامنامىسىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيە-سى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ قىبلىنامىسى قىلىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن بولۇپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش چاقىرىق قىلىندى. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى چوڭقۇر تەرەققىي قىلدى، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش-نىڭ يېڭى بىر دولقۇنى قوزغالماقتا. پۈتۈن پارتىيىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىدەك ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈلدى.

## بىرىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مۇھىم ھەم جىددىي ۋەزىپە

1. ھازىردىن باشلاپ كېلەركى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى ئون يىلىغىچە بولغان ۋاقىت پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم مەزگىلدۇر. بىز بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىپ چىقىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىياتىنى ساقلاپ قېلىپ، كېلەركى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالىمىز. بىز سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىپ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىمىز. بىز سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈ-رۈپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ئىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرىمىز. بىز "ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا

قويۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغ ئىشىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىمىز. نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھاتى ئاتاكا قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى، تەرەققىيات ھەل قىلغۇچ مەزگىلدە تۇرماقتا. دۇنيا قۇرۇلمىسىنىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىش ۋە ئىقتىسادنىڭ يەر شارى بويىچە ئومۇملىشىش يۈزلىنىشى تېز تەرەققىي قىلماقتا، خەلقئارا ۋەزىيەتتە ھەر تۈرلۈك يېڭى ئۆزگىرىش مەيدانغا چىقماقتا، كونسېرى يېڭىلىنىۋاتقان پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى دەۋرىمىزدىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى چوڭقۇر ئۆزگەرتمەكتە. بىز ھەم ياخشى پۇرسەتكە، ھەم قاتتىق سىناققا دۇچ كەلمەكتىمىز. ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، ئەڭ مۇھىمى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى دۇنيانى كۆزىتىشىمىز، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىزنىڭ كۆچلۈك ئىدىيىۋى قورالى قىلىشتا، ئومۇمىيەتنى ئىگىلەيدىغان، ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان جان قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى جەريانىدا بۇ نەزەرىيىنى ئۆگىنىشىمىز ۋە تەتبىق قىلىشىمىز، بېيىتىشىمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

2. پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يېڭى ۋەزىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى ئەمەلىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، پۈتۈن پارتىيىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىگە قارىتا بىر قاتار مۇھىم ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلارنىڭ باشلامچىلىقىدا، پۈتۈن پارتىيە ئىچىدە نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ يېڭى كەيپىياتى بارلىققا كەلدى. نەزەرىيىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، تەشۋىق قىلىش زىچ ماسلاشتۇرۇلۇپ، پارتىيىنىڭ نەزەرىيە قۇرۇلۇشىدا جۇشقۇن، جانلىق يېڭى ۋەزىيەت مەيدانغا كەلدى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى كىشىلەر قەلبىگە تېخىمۇ ئورنىشىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ بۇ نەزەرىيىدىن پايدىلىنىپ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىدا يېڭى ئىلگىرىلەشلەر ۋۇجۇدقا كەلدى. نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى، ئىسلاھات، قۇرۇلۇشنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرۈلۈشى، بۇ ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىگە زىچ باغلانغان ھالدا بىر-بىرىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىشى پارتىيە ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ بىر كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرگە قارىتا، پارتىيە ئەزالىرىمىز ۋە كادىرلىرىمىزنىڭ ساپاسى بولۇپمۇ سىياسىي-ئىدىيىۋى ساپاسى تېخى ماسلىشالمايۋاتىدۇ. بىر قىسىم يولداشلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقى يۇقىرى ئەمەس، بەزى يولداشلارنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي كۆزقاراشلىرىنى ۋە پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا چىقىرىلغان زور تەدبىرلەرنى ئەتراپلىق چۈشىنىش ۋە توغرا ئىگەللەش جەھەتتە يەنىلا خېلى زور يېتەرسىزلىكى بار، ئاز سانلىق رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش ئىستىلى توغرا بولماسلىقتەك مەسىلە يەنىلا بىرقەدەر گەۋدىلىك بولماقتا. نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش، نەزەرىيە يېتەكچىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىش پارتىيە قوشۇنى ئىچىدە بولۇپمۇ يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلار ئىچىدە يەنىلا جىددىي ھەل قىلىشقا ئېھتىياجلىق زور مەسىلىدۇر.

3. ھەر قېتىملىق ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ پەيتىدە، پارتىيىمىز ھامان ئۈزلۈكسىز تەرەققىي

قىلىۋاتقان ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى، بۇ بىر قىممەتلىك تارىخىي تەجرىبىدۇر. يەنئەندىكى مەزگىللەردە، ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىشى ئارقىلىق، پۈتۈن پارتىيە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئاساسىدا مىسلىسىز دەرىجىدە بىرلىككە كېلىپ ۋە ئىتتىپاقلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلغانىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، پۈتۈن پارتىيە يېڭى ۋەزىپىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى، ئىلگىرى تونۇشلۇق بولمىغان نەرسىلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى ئوڭۇشلۇق تاماملاپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈردى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئالدى-كەينىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پۈتۈن پارتىيىنىڭ قايتا ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇ قېتىمقى ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ مۇھىم نەتىجىسى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ماركسىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەننى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە تىكلەپ چىقىپ، پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مەركىزىنى يوتكەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇپ چىقىشنىڭ يېڭى يولىنى ئېچىش ئۈچۈن مۇھىم ئىدىيىۋى، سىياسىي ئاساس سېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولدى. ئۆتكەن 20 يىلدا، پارتىيىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ھەر تۈرلۈك سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتالىشىدىكى سەۋەب، تۈپ نېگىزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىگە تايانغانلىقىدا، پۈتۈن پارتىيىنىڭ بۇ نەزەرىيىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە تايانغانلىقىدا. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ، بىز ئالدىن پەرەز قىلىشقا بولىدىغان ۋە ئالدىن پەرەز قىلىش قىيىن بولغان ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ-خەتەرلەرنى يېڭىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرۈشتە، يەنىلا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىگە تايىنىمىز، پۈتۈن پارتىيىنىڭ بۇ نەزەرىيىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشىگە، بۇ نەزەرىيىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە تايىنىمىز. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقىغا مۇناسىۋەتلىك، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار چوقۇم زىممىمىزگە يۈكلەنگەن تارىخىي مەسئۇلىيەتنى چىقىش قىلىپ، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتىكى ئاڭلىقلىق ۋە تەقەززالىق تۇيغۇمىزنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈشىمىز لازىم.

## ئىككىنچى، پۈتۈن پارتىيىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش لازىم

4. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنى، يېتەكچى ئەھمىيىتى،

ئىلمىي سىستېمىسى ۋە دەۋر روھىغا قارىتا يېڭى شەرھلەرنى بەردى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئىجادىي هالدا تەتبىق قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى بىر قاتار زور مەسىلىلەرنى هەل قىلىشتا يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا بولغان تونۇشىنىڭ يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ئۈچۈن، ئۇنى چوقۇم پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىنى ئۆگىنىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە بولغان ئىلمىي تونۇش جەھەتتە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تەتبىق قىلىپ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى هەل قىلىش ئىقتىدارى جەھەتتە، سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئاڭلىقلىقى جەھەتتە يېڭى يۈكسىلىشلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆگىنىش ۋە خىزمەتنى 15-قۇرۇلتايدا تەلەپ قىلىنغان يېڭى سەۋىيىگە ئىرىشىپ يەتكۈزۈش كېرەك.

5. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، 15-قۇرۇلتاينىڭ باش تېمىسىنى زىچ چۆرىدىگەن هالدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ۋە روھىي ماھىيىتىنى هەر تەرەپلىمە، توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگەللەش جەھەتتە، 15-قۇرۇلتاي روھىنى هەر تەرەپلىمە، توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگەللەش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيە ۋە هەرىكىتىنى پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتاي روھىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچىنى پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇجەسسەملەش لازىم.

پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ بەلگىلىنىشى هەمدە پارتىيە نىزامنامىسىگە كىرگۈزۈلۈشىنىڭ زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىش لازىم. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن تومۇرداش بولغان بىر پۈتۈن ئىلمىي سىستېما ئىكەنلىكىنى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى ئىكەنلىكىنى، هازىرقى جۇڭگودا سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى مەسىلىسىنى مۇشۇ نەزەرىيە بىلەنلا هەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، ئىدىيە ۋە خىزمەتتە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچى ئورنىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش لازىم.

جۇڭگو هازىر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ هەمدە كېيىنمۇ ئۇزاققىچە شۇ باسقۇچتا تۇرىدۇ دېگەن ئىلمىي هۆكۈمنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، دۆلەتنىڭ تۈپ ئەھۋالىنى توغرا ئىگەللەش لازىم. پەقەت سوتسىيالىزمنىڭلا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدىغانلىقى ۋە جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرالايدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا ئايدىڭلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىزمدىن چەتلەپ كەتمەسلىك لازىم؛ دەسلەپكى باسقۇچتىكى سوتسىيالىزم دېگەن تېمە، دەسلەپكى باسقۇچتا سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلىنى، هازىرقى باسقۇچتا باشقا لۇشيەن ۋە سىياسەتلەرنى يولغا قويماي، هازىرقى لۇشيەن ۋە سىياسەتلەرنى يولغا قويۇش شەرتلىكىنىڭ سەۋەبىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم. هەممىدە باشتىن-ئاخىر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا خاس ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، هەر خىل توسقۇنلۇقلارنى تونۇپ يېتىشكە ماهىر بولۇپ ۋە ئۇلارنى ۋاقتىدا چىقىرىپ تاشلاپ،

پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي پروگراممىسىنى قىلچە تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىش لازىم.

پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى بىر قاتار زور تەدبىرلىرىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرغانلىقى، ئۇنى تەتبىق قىلغانلىقى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغانلىقى ئىكەنلىكىنى، ئۇزۇن مۇددەتلىك يېتەكچىلىك قىلىش ئەھمىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىش كېرەك. بۇ تەدبىرلەرنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىل ئىجرا قىلىش كېرەك، بولۇپمۇ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تۈپ ئىقتىسادىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش جەھەتتە، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىمكان بېرىدىغان رېئاللىشىش شەكلى ئۈستىدە ئاكتىپ ئىزدىنىش جەھەتتە، دۆلەت كارخانىلىرىنى ئىستراتېگىيىلىك ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەھەتتە، شۇنىڭدەكلا سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئالغا سۈرۈش ۋە ئىككى قولدا تۇتۇش، ھەر ئىككىلا قول قاتتىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ياخشى ئىگىلەش تېخىمۇ زۆرۈر، مۇجمەل تونۇشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، قارىغۇلۇق، بىر تەرەپلىمىلىك ۋە مۇتلەقلەشتۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىپ، خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك.

ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار تەرەققىيات پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ باش نىشانىغا ئاساسەن، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇپ، رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، چىرىتىشنى توسۇپ، ئايىنىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشتەك بۇ ئىككى خىل تارىخىي مەسىلىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىپ، ئىدىيە جەھەتتىن، تەشكىلىي جەھەتتىن ۋە ئىستىل جەھەتتىن پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

6. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، ئاۋۋال دېڭ شياۋپىڭ ئەسەرلىرىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىش ھەمدە ئۇنى ماركسىزم-لېنىنىزم ئەسەرلىرى ۋە ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش، پارتىيە تارىخىنى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىيات ئەمەلىيىتىنى چۈشىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك؛ ئۇنى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرىنى، يولداش جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم نۇتۇقلىرىنى ئۆگىنىش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. يەنە باشقا بىلىملەرنى بولۇپمۇ ھازىرقى دۇنيا تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھەر خىل يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىشىمىز كېرەك.

## ئۈچىنچى، رەھبىرىي كادىرلارنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئۆگىنىشنى ئالغا سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك

7. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشتا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرىي كادىرلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار بولۇپمۇ مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى ۋە ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك كادىرلار ئۆگىنىشنىڭ ئۈلگىسى بولۇشى، ھەم ئومۇمىي جەھەتتىن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تۈپ نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە تۈپ روھىنى ئىگەللىشى، ھەم ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت دائىرىسىنى ئاساس قىلىپ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئالاقىدار مەزمۇنلىرى ئۈستىدە سىستېمىلىق ئىزدىنىشى ۋە چۈشەنچە ھاسىل قىلىشى، بولۇپمۇ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت بۇ جەۋھەرنى ئىگەللەپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل بىلەن يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ئىلمىي پوزىتسىيىسى ۋە ئىجادكارلىق روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىدىيە سەۋىيىسى ۋە سىياسىي سەۋىيىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، توغرا بولغان دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشى لازىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان رەھبەرلىك بەنزىسىگە يېڭىدىن قاتناشقان ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلار دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تېخىمۇ جاپاغا چىداپ سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىپ، رەھبەرلىك قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. «مەملىكەت بويىچە 1996-يىلىدىن 2000-يىلىغىچە بولغان كادىرلارنى تەربىيىلەش پىلانى»نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم.

8. رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئىشتىن ئايرىلىپ بىلىم ئاشۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. رەھبەرىي كادىرلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى، مەخسۇس تېمىلىق تەتقىقات كۇرسى ۋە ئوتتۇرا ياش، ياش رەھبەرىي كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئېچىش كېرەك. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرىي كادىرلىرىنىڭ قەرەللىك ھالدا ئىشتىن ئايرىلىپ بىلىم ئاشۇرۇشى، رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە يېڭىدىن كىرگۈزۈلگەنلەرنىڭ پارتىيە مەكتىپى ۋە كادىرلار مەكتىپىگە بېرىپ ئۆگىنىشى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل كادىرلارنىڭ ئىشتىن ئايرىلىپ بىلىم ئاشۇرۇشىمۇ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار تەرىپىدىن كادىر باشقۇرۇش جەھەتتىكى ھوقۇق چەكلىمىسىگە بىنائەن كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى ۋە كادىرلار مەكتەپلىرى ئوقۇتۇش پىلانىنى كۆڭۈل قويۇپ تۈزۈپ چىقىشى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ياخشىلىشى، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. كادىر تەربىيىلەشكە دائىر ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش-بېكىتىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى مەملىكەتلىك كومىتېتنى تېزراق قۇرۇپ چىقىپ، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش-بېكىتىش خىزمىتىنى بىر تۇتاش پىلانلاش كېرەك.

9. پارتكوم(پارتگورۇپپا) مەركىزىي گورۇپپىلىرىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. مەركىزىي گورۇپپىلارنىڭ ئۆگىنىشى مەركەزنىڭ چوڭ-چوڭ تەدبىرلىرىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىدىكى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش جەھەتلەردىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلۈشى، ھەر قېتىمدا بىر-ئىككى

نۇقتىلىق مەسىلە ئۈستىدە ئۆگىنىش ۋە تەتقىق ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. يىغىلىپ ئۆگىنىش ئالدىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئۆگىنىشنىڭ قاراتمىلىقىنى كۈچەيتىش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىش كېرەك. ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلار باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىشى، بۇ ئىشنى ئۆزى بىۋاسىتە تۇتۇشى لازىم.

10. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمەت داۋامىدا ئۆز ئالدىغا ئۆگىنىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار خىزمەت ئېھتىياجىغا ۋە ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن نەزەرىيە ئۆگىنىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشى، ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. رەھبىرىي كادىرلارغا نەزەرىيە ئۆگىنىشكە دائىر كىتابلارنى ۋە قوشۇمچە ماتېرىياللارنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا كۆرسىتىپ بېرىش، كادىرلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆگىنىشكە بولغان يېتەكچىلىكىنى ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش لازىم. نەزەرىيە تەربىيىسى بويىچە كادىرلار لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، دوكلات يىغىنلىرىنى ئېچىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

11. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىدىن ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش كېرەك. بەزى جايلار ۋە تارماقلارنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىدىن ئىمتىھان ئېلىش تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئۇنى پەيدىنپەي تۈزۈملەشتۈرۈش كېرەك. نەزەرىيە ئۆگىنىش ئەھۋالىنى كادىرلارنى باھالاش ۋە سىناشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىش، سىناش نەتىجىسىنى كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە تەيىنلەشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلىش لازىم. ئۆگىنىشتە ياخشى كادىرلارنى تەقدىرلەش، ئۆگىنىشتە ياخشى بولمىغانلارغا تەنقىد، تەربىيە بېرىش لازىم.

12. بۇ يىل ۋە كېلەر يىلى بىر مەزگىل ۋاقىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسەتنى تەكىتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پارتىيىۋىلىك ۋە پارتىيە ئىستىلى تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئۇنىڭدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەقىدىسىنى چىڭىتىش، سىياسىي سەزگۈرلۈكنى ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش؛ ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتە باشتىن-ئاياغ مەركەز بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاش، مەركەزنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ۋە خىزمەت جەھەتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇشنى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىش؛ مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە تۈرلۈك خەۋپ-خەتەرلەرگە بەرداشلىق بېرىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، ئاسايىشلىقتا خەۋپ-خەتەرنى ئويلاپ، ئۇزاق مۇددەت جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئىدىيىسىنى تىكلەش؛ ئامما بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلاش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، خەلق بەرگەن ھوقۇقنى توغرا ئىشلىتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق ھەل قىلىش كېرەك. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بولغان پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىلىرى ئىستىل تۈزىتىش روھى بويىچە تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆزىدە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ھەل قىلىشى لازىم.

بۇ قېتىمقى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش-تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا، مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىشى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئەستايىدىل تەشكىللەپ، دەرىجە ۋە تۈركۈم بويىچە ئېلىپ بېرىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.

13. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆگىنىش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، ئۇنى دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش كېرەك. مۇئەييەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ۋە كىتاب كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسلى ماقالىلىرىنى بېرىلىپ ئوقۇشى لازىم. مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن بولغان پارتىيە ئەزالىرىغا ئاممىباب، چۈشىنىشلىك تىل بىلەن سۆزلەپ بېرىش كېرەك. ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پارتكوملارغا قاراشلىق پارتىيە مەكتەپلىرى پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ شۇجىلىرىنى ۋە نەزەرىيە تايانچلىرىنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولۇشى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە مەكتەپلىرى يېزا، كارخانا، كەسپىي ئورۇن ۋە مەھەللىلەردىكى پارتىيە ئەزالىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولۇشى كېرەك. قاتلاملارغا ئايرىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى تەكىتلەپ، ئېلېكترونلۇق مائارىپ قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، پارتىيە ئەزالىرىغا جانلىق تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم.

## تۆتىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە تەشۋىقاتنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك

14. چوڭقۇر نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە توغرا نەزەرىيە تەشۋىقاتى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى. نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە تەشۋىقاتىنى پۈتۈن پارتىيىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈش، ئۆزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات تارماقلىرى ۋە ئاخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق، ئەدەبىيات-سەنئەت، مائارىپ، پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلار تەربىيىلىگۈچىلەر ئاۋۋال تەربىيە ئېلىشى لازىم دېگەن پرىنسىپ بويىچە، ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ياخشى ئۆگىنىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشى لازىم.

15. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش ۋە بۇ جەھەتتىكى خىزمەتنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى چوڭ-چوڭ نەزەرىيىۋى مەسىلە ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزمنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى، ھازىرقى دۇنيادىكى چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر ۋە ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تەتبىق قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ قانۇنىيىتىنى تونۇپ ۋە ئىگىلەپ،

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىلمىي تەدبىر بەلگىلىشى، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىش لازىم.

نەزەرىيە تەتقىقاتى خىزمىتىدە ‹‹خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش›› يۆنىلىشىدە ۋە ‹‹بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش›› فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن دادىل ئىزدىنىپ، پىكىرلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىشقا ئىلھام بېرىش، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش، خاتالىقنى تۈزىتىش، بەرپا قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش، پايدىسىز بەس-مۇنازىرىنى قىلماسلىق كېرەك. ئىلمىي مەسىلە بىلەن سىياسىي مەسىلىنى ئايرىشقا دىققەت قىلىش، سىياسىي يۆنىلىشكە ۋە زور پرىنسىپلارغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ئۈستىدە بايرىقى روشەن بولۇش، ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىش لازىم؛ ئەدىبىيۋى تونۇشقا ياتىدىغان مەسىلىلەرگە قارىتا، پائال يېتەكلەش، داۋلى سۆزلەش ئارقىلىق كىشىنى قايىل قىلىش لازىم؛ ئىلمىي مەسىلىلەرگە قارىتا، ئوخشىمىغان كۆزقاراشتىكىلەرنىڭ باراۋەرلىك ئاساسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىشىنى ۋە ئۆزئارا پىكىرلىشىشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم.

16. نەزەرىيە تەشۋىقاتىدا توغرا يۆنىلىشنى ئىگىلەش كېرەك. پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ خىزمەت ئومۇمىيىتىنى ۋە بىر مەزگىللىك خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى زىچ چۆرىدەپ، كادىرلار ۋە ئامما ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى ھەم ئۆگىنىشتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا تەشۋىق قىلىپ، مۇجمەل مەسىلىلەرنى يېشىپ چۈشەندۈرۈش ۋە تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلى، دۆلەت ئاخبارات ئاگېنتلىقى، رادىئو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە مۇھىم نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ نەزەرىيە تەشۋىقاتى جەھەتتىكى يېتەكچىلىك رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇش لازىم. كۆپ خىل پەن مۇتەخەسسىسلىرىنى، كۆپ خىل ساھەدىكى ئەمەلىي خىزمەتچىلەرنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئۇيۇشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئەدەبىي ئۇسلۇبنى ھەقىقىي تۈردە ياخشىلاپ، تەشۋىقاتنى ئاددىي تىل بىلەن چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئىلغار تىپ ۋە ئىلغار تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ ھەم تونۇشتۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشى ئۈچۈن ياخشى جامائەت پىكرى مۇھىتىنى ھازىرلاش لازىم.

## بەشىنچى، پۈتۈن پارتىيە ئۆگىنىش ئىستىلىدا كۆرۈنەرلىك ئالغا بېسىشى كېرەك

17. ئۆگىنىش ئىستىلى مەسىلىسى ماركسىزمغا مۇئامىلە قىلىش جەھەتتىكى پوزىتسىيە مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇ پارتىيىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشىغا، ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبە قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك زور سىياسىي مەسىلە. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇش-تۇرالماسلىق نەزەرىيە ۋە سىياسىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەن ياكى يېتىلمىگەنلىكنىڭ بىر مۇھىم بەلگىسى. 100 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىي تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن كەسكىن

ۋە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى تەرەققىياتىدىكى يېڭى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدىن ۋاز كېچىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكەندە، تۈپ ئاساسىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان گەپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، چوقۇم ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى، ھازىر ئىشلەۋاتقان ئىشلىرىمىزنى مەركەز قىلىش، ماركسىزملىق نەزەرىيىنى تەتبىق قىلىشنى كۆزدە تۇتۇش، ئەمەلىي مەسىلە ئۈستىدە نەزەرىيە جەھەتتىن پىكىر يۈرگۈزۈشنى كۆزدە تۇتۇش، يېڭى ئەمەلىيەتنى ۋە يېڭى تەرەققىياتنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك، دەپ تەكىتلەندى. بۇ، پارتىيىمىزنىڭ ئىلگىرىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ چىقارغان توغرا يەكۈنى، نەزەرىيە ئۆگىنىشتە ۋە پۈتكۈل نەزەرىيە قۇرۇلۇشىدا چىڭ تۇرۇش شەرت بولغان ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئۇسلۇبى.

18. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ياخشى ئۆگىنىش ئۇسلۇبىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇتۇقلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىدىغان، ئۇ يەردىن-بۇ يەردىن ئۇرۇۋالىدىغان، شەكىلۋازلىق قىلىدىغان، دېگىنى بىلەن قىلغىنى ئوخشىمايدىغان ناچار كەيپىيات پارتىيە ئىچىدە، جۈملىدىن ئاز ساندىكى رەھبىرىي كادىرلاردا يەنىلا ئېغىر دەرىجىدە ساقلانماقتا. بۇنداق ناچار كەيپىيات پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە توسقۇنلۇق قىلماقتا، پارتىيىنىڭ ئوبرازى ۋە ئىناۋىتىگە نۇقسان يەتكۈزمەكتە، پارتىيىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە جۇشقۇنلۇقىنى بوغۇپ قويماقتا. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار بولۇپمۇ يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلار پارتىيە ۋە خەلققە يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇشتەك پوزىتسىيە بىلەن بۇنداق ناچار كەيپىياتلارغا قارشى كۈرەش قىلىشى، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى، ئۆگىنىش بىلەن تەتبىقلاشنى، سۆز بىلەن ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشى كېرەك.

19. ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئۇسلۇبىنى جارى قىلدۇرۇشتا ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش كېرەك. پارتىيىمىزنىڭ 70 نەچچە يىللىق تارىخى قايتا-قايتا شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىكى زور تەرەققىياتلىرىنىڭ ھەممىسى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش نەتىجىسىدە قولغا كەلگەن. ئىدىيىدە ئازاد بولۇشنىڭ چېكى يوق، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە ئىزچىل چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئەسىر ھالقىيدىغان تارىخىي پەيتتە، جاپالىق ۋەزىپە ۋە جىددىي سىناق ئالدىدا، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە تېخىمۇ چىڭ تۇرۇپ، دادىل ئىزدىنىش شىجائىتى بىلەن ئىلمىي، ئەمەلىيەتچىل بولۇش روھىنى بىرلەشتۈرۈشىمىز، ئەمەلىيەتنى ھەقىقەتنى سىنايدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم قىلىشىمىز، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ”ئۈچ پايدىلىق بولۇش“نى توغرىلىق خىزمەتلىرىمىزدىكى نەتىجە-سەۋەنلىككە ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ ئاساسى قىلىشىمىز، ئىككىلىنىدىغان-سۇنمايدىغان، جاسارەت بىلەن

كۆرەش قىلىدىغان روھىي قىياپەت بىلەن يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، خىزمەتنى ئىجادىي يوسۇندا قانات يايدۇرۇشىمىز كېرەك.

20. پۈتۈن پارتىيىدە ئەستايىدىل ئۆگىنىش كەيپىياتىنى، دېموكراتىك ئاساستا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش كەيپىياتىنى، ئاكتىپ ئىزدىنىش كەيپىياتىنى، راستچىللىق-ئەمەلىيەتچىللىك كەيپىياتىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش كېرەك. پارتىيە ئىچىدىكى ئۆگىنىشتە ۋە مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بارغاندا ئىدىيىنى ئاشكارىلاشنى، ھەركىم ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىش، ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا يول قويۇش، كوكۇلىسىغا ئېسىلىۋالماسلىق، قالپاق كىيگۈزمەسلىك، دۇمبالىماسلىق، ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە داۋامىدىكى ئوخشىمىغان تونۇشنى سىياسىي خاھىشچانلىق جەھەتتىكى "سول"چىللىق ياكى ئوڭچىللىق دەۋالماسلىق كېرەك. پارتىيە ئىچىدە دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشنى پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك، پارتىيىنىڭ قارارى ۋە سىياسەتلىرىگە ئوخشىمىغان پىكىر بولسا، ئۇنى قەتئىي ئىجرا قىلىش شەرتى ئاستىدا ئۆز پىكرىدە قالسا ۋە يۇقىرىغا ھەتتا مەركەزگە ئىنكاس قىلسا بولىدۇ، لېكىن ئۇنى تەشۋىقات ۋاستىچىلىرىدا ئوچۇق-ئاشكارا ئېلان قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ، ئامما ئارىسىدا تارقىتىشقىمۇ بولمايدۇ.

## ئالتىنچى، نەزەرىيە ئۆگىنىشكە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش كېرەك

21. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار پۈتۈن پارتىيىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق قوراللاندۇرۇشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، بۇ خىزمەتنى پارتىيىنىڭ پارتىيىنى باشقۇرۇشى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى بىر تۈپ ۋەزىپە سۈپىتىدە تۇتۇشى كېرەك. نەزەرىيە ئۆگىنىش جەھەتتىكى رەھبەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، دەرىجىمۇ دەرىجە تۇتۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، ھەيدەكچىلىك قىلىشنى، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئۆگىنىش ئەھۋالىنى دائىم تەھلىل قىلىپ، ئىلغارلارغا ئىلھام بېرىش، ئارقىدا قالغانلارنى رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. تەشكىلات، تەشۋىقات تارماقلىرى ۋە باشقا ئالاقىدار تارماقلار پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، زىچ ماسلىشىپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىنى چوڭقۇر، پۇختا، ئۈزلۈكسىز قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

22. ماركسىزملىق نەزەرىيە قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى. سىياسىي جەھەتتە قەتئىي، ئىدىيە جەھەتتە سەزگۈر، بىلىمى مول، ئەمەلىيەتكە باغلىيالايدىغان بىر تۈركۈم ماركسىزمچى نەزەرىيىچىلەرنى تىرىشىپ تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش كېرەك. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياش ۋە ياش نەزەرىيە تايانچلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى، كادىرلار مەكتەپلىرى، ئىجتىمائىي پەن ئاكادېمىيىلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ نەزەرىيە ماھىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش پىلانىنى تۈزۈشكە ۋە يولغا قويۇشقا ياخشى يېتەكچىلىك قىلىش لازىم. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش بازىسى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇش

كېرەك. نەزەرىيە خادىملىرىنىڭ ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى تەقدىم قىلىشىغا ئىلھام بېرىش؛ بۇلارنىڭ ئىجىدىي كەۋدىلىك تۆھپە قوشقانلارنى تەقدىرلەش ۋە مۇكاپاتلاش لازىم. كەڭ نەزەرىيە خادىملىرىنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنى ئاساسىدا ئىتتىپاقلىقنى ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

23. كەڭ ياشلارنى بولۇپمۇ ياش ئوقۇغۇچىلارنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق تەربىيىلەش ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ تەقدىرىگە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ 21-ئەسىردىكى قىياپىتىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە 100 يىل تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشقا بېرىپ تاقىلىدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك چوڭ پىلان. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئىستراتېگىيىلىك نەزەر بىلەن بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىشى كېرەك. ياشلارنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى پائال ئۆگىنىپ، ئۇلۇغۋار غايە ۋە توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى تىكلىشىگە ئىلھام بېرىش لازىم. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى كەڭ ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلار ئارىسىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ياشلارنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىدىغان تۈرلۈك تەشكىلاتلىرىغا بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك. مائارىپ تارماقلىرى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى دەرسلىكلەرگە، دەرسخانىغا كىرگۈزۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىغا سىڭدۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتىنى ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى لازىم. ئالىي مەكتەپلەر مەخسۇس دەرس تەسىس قىلىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىن سىستېمىلىق لېكسىيە سۆزلىشى لازىم. ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئالاقىدار دەرسلىكلەر ئوقۇتۇشىغا سىڭدۈرۈشى كېرەك. ئوقۇتۇشتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، جانلىق-جۇشقۇن بولۇشقا، مول ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا تىرىشىش كېرەك.

24. ھەرقايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوملار، مەركىزىي كومىتېتنىڭ ھەرقايسى بۆلۈم-كومىتېتلىرى، مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرىغا قاراشلىق ھەرقايسى مىنىستىرلىك-كومىتېت پارتگۇرۇپپىلىرى(پارتكوملىرى)، ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈمى ۋە ھەرقايسى خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتگۇرۇپپىلىرى مەزكۇر ئۇقتۇرۇشنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈستىدە كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشى، ئەستايىدىل تەشكىللىشى ۋە يولغا قويۇشى كېرەك.

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى**
**1998-يىل 6-ئاينىڭ 24-كۈنى**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: قەيسەر قۇربان**
**مۇھەممەت ئىمىن**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئۇلارنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەش لازىم

ۋۇ باڭگو

دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئۇلارنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش نۆۋەتتىكى ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئومۇمىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش، شۇنداقلا دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ توپ ئالدىنقى شەرتى ۋە مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن بۇ خىزمەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش-قىلالماسلىق دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر بۇنىڭغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇشى، شۇ ئارقىلىق مەركەز بەلگىلىگەن دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ نىشانىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.“ يولداش لى پېڭ بۇ يىلقى «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»تا: ”ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ بۇ يىلقى بىر تۈرلۈك گەۋدىلىك ۋەزىپىسىدۇر“ دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. يولداش جۇ رۇڭجى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ”نۆۋەتتە دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىيىشى ئېلىمىزنىڭ ئىقتىساد تەرەققىياتىدا كۆپ يىللاردىن بېرى يىغىلىپ قالغان چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال

ئىنكاسى، شۇنداقلا ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات جەريانىدا ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان باسقۇچتۇر.» ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئۇلارنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ئومۇمىي خاراكتېرلىك خىزمەت قاتارىدا تۇتۇش، چوقۇم ئۈنۈم ھاسىل قىلىش لازىم.» ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار چوقۇم مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھى بويىچە، پارتىيە ۋە خەلققە بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن بۇ خىزمەتنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلىشى لازىم.

**1. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئۇلارنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش لازىم**

نۆۋەتتە، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ئاتاكا قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويىدى. مەركەز، ئۈچ يىلدەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان چوڭ-ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكىنى قىيىن ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە چوڭ-ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت تايانچ كارخانىلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكىنى زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىككى نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، مۇھىمى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئۇلارنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ خىزمەتنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تولۇق چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

بىرىنچى، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىش مەسىلىسى مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن ئائىلىلەرگە چېتىلىپ، نۆۋەتتىكى زور بىر ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپ قالدى. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنىدىن قېلىش ئەھۋالىنى ئېنىقلىۋېلىش يۈزىسىدىن، ئالاقىدار تارماقلار يىلنىڭ بېشىدا مەخسۇس تېمىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۈچ گۇرۇپپا سانلىق مەلۇماتنى ئىگەللىدى: بىرىنچى گۇرۇپپا سانلىق مەلۇمات: ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، مەملىكەت بويىچە دۆلەت كارخانىلىرى بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرغان ۋە ئىش ئورنىدىن قالدۇرغان ئىشچى-خىزمەتچى جەمئىي 12 مىليون 740 مىڭ ئادەم بولۇپ، كارخانا ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 17 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئىككىنچى گۇرۇپپا سانلىق مەلۇمات: بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقانلىرىدىن سىرت ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچى 6 مىليون 340 مىڭ ئادەم بولۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 8.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇلاردىن ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتى كاپالەتكە ئىگە بولمىغانلىرى 3 مىليون 90 مىڭ بولۇپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ 49 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئۈچىنچى گۇرۇپپا سانلىق مەلۇمات: مۆلچەرلىنىشچە، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ

يىلدا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرىدىن ھەر يىلى يەنە 3 مىليونغا يېقىن ئادەم ئىش ئورنىدىن قالدى. دەرۋەقە، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەھۋالى ئانچە ئوخشىمايدۇ، كونا سانائەت بازىسى ۋە ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردا زىددىيەت تېخىمۇ گەۋدىلىكرەك بولدى. بۇ يىلقى "ئىككى يىغىن" مەزگىلىدىكى بىر قىزىق نۇقتىلىق مەسىلە دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، 1997-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، مەملىكەت بويىچە شەھەر-بازارلاردا تىزىمغا ئېلىنغان ئىشسىز ئادەم 5 مىليون 700 مىڭدىن ئاشقان، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى نەچچە مىليون ئەمگەك كۈچى يېڭىدىن كۆپىيىدۇ، يېزىلاردىكى بىر قىسىم ئوشۇقچە ئەمگەك كۈچىنى يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشىغا غايەت زور بېسىم بولۇپ، خىزمەتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇردى. ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ چېتىلىدىغان دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنىدىن قېلىش مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھالدا ھەل قىلىش پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشتە، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاشتا، نۆۋەتتىكى ياخشى سىياسىي-ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئىقتىساد بىلەن جەمئىيەتنىڭ ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىككىنچى، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئۇلارنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش-قىلالماسلىق دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. بىرنەچچە يىللىق ئىزدىنىش ئارقىلىق، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ يۆنىلىشى، نىشانى ۋە فاكچېنى ئايدىڭلاشتى، تۈرلۈك خىزمەتلەر پائال ئالغا سۈرۈلمەكتە، ھەرقايسى جايلاردا خېلى زور ئەمەلىي كۈچ ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان نۇرغۇن كارخانا ۋە كارخانا گۇرۇھلىرى بارلىققا كەلدى، ھەمدە ئىسلاھات ئەمەلىيىتى داۋامىدا نۇرغۇنلىغان ياخشى تەجرىبىلەر توپلاندى. ھازىرقى بىر گەۋدىلىك مەسىلە كارخانىلاردا ئوشۇقچە خادىملارنىڭ تولىمۇ كۆپ ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت. بۇ مەسىلە ھەل بولمىسا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىدا بۆسۈپ ئۆتۈش تەسكە چۈشىدۇ. پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدا، دۆلەتنىڭ ئەمگەك كۈچلىرى جەھەتتىكى تەمىنلەش-تەلەپكە قارىتا پىلانلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، تۆۋەن ئىش ھەققى بېرىش، يۇقىرى نىسبەتتە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىشتىكى باقىمەندىلىك تۈزۈمىنى ئۇزاق مۇددەت يولغا قويغانلىقى سەۋەبىدىن، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكىدە ئوشۇقچە خادىملار تولىمۇ كۆپ بولۇپ كەتتى. بۇ ھال ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاشتا ئىجابىي رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككى جەھەتتە يامان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى: بىر جەھەتتىن، دۆلەت كارخانىلىرىدا ئارتۇق خادىملار زىيادە كۆپ بولۇپ، كارخانا كۆتۈرەلمەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئېغىر تەسىر يەتتى. مەملىكەت بويىچە ھازىر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىدا ئىشلەۋاتقان ئىشچى-خىزمەتچىدىن 40 مىليون ئادەم بار، ئالاقىدار

تارماقلارنىڭ مۆلچەرلىشىچە، بۇنىڭدىن ئارتۇق خادىملار 10 مىليوندىن ئاشىدۇ. بىر يىلدىكى تۈرلۈك چىقىملار 100 مىليارد يۈەنگە يېتىدۇ، ھالبۇكى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 1997-يىللىق پايدىسى ئارانلا 45 مىليارد 100 مىليون يۈەن بولغان. خادىملارنىڭ زىيادە كۆپ بولۇشى بەزى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇشتا قىيىنلىشىۋاتقانلىقى، زىيان تارتىۋاتقانلىقىدىكى مۇھىم سەۋەبتۇر. يەنە بىر جەھەتتىن، كارخانىلاردا "چوڭ قازاننىڭ ئېشىنى تەڭ يېيىش"، "تۆمۈر تاۋاق كۆتۈرۈش"تەك ئەمگەك-ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، خادىملارنىڭ ئېقىپ تۇرۇشىغا ئىمكانىيەت بولمىغاچقا، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ئېغىر دەرىجىدە بوغۇلۇپ، تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە دەخلى يەتتى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە، كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە ۋە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە، شۇنداقلا پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كارخانىدا ئارتۇق خادىملار زىيادە كۆپ بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىنمىسا، بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان ئىشقا ئورۇنلىشىش مېخانىزمى بەرپا قىلىنمىسا، خادىملارنى قىسقارتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش يولى تۇتۇلمىسا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قىيىن بولىدۇ.

نۆۋەتتە، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىيىشىنى ھەرگىزمۇ ئىسلاھاتتىن كۆرۈشكە بولمايدۇ. ئەگەر "ئىككى تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش" ئالغا سىلجىتىلمايدىغان، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش ۋە سەرخىللاشتۇرۇش يولى تۇتۇلمايدىغان، ئۇزاقتىن بۇيان مۈلكى قەرزىگە چىقىش قىلالمايدىغان ھالەتتە تۇرغان، زىيانىنى تۈگىتىشكە كۆز يەتمىگەن كارخانىلارغا قارىتا قوشۇۋېلىش، ۋەيران بولغانلىقىنى جاكارلاش يولى تۇتۇلمايدىغان، ئوشۇقچە خادىملارنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش، بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش يولى تۇتۇلمايدىغان، كارخانىلار داۋاملىق ھالدا دۆلەتنىڭ "چوڭ قازان ئېشىنى تەڭ يەيدىغان"، ئىشچى-خىزمەتچىلەر داۋاملىق ھالدا كارخانىنىڭ "چوڭ قازان ئېشىنى تەڭ يەيدىغان" بولسا، كارخانا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپلا قالماي، ئاخىر بېرىپ مۇقەررەر ھالدا بازار تەرىپىدىن شاللاپ چىقىرىۋېتىلىدۇ. بۇ ھەقتە بىزدە چوقۇم سەگەك تونۇش بولۇشى لازىم. ھازىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنىدىن قېلىشىغا "قوشۇۋېلىشقا ئىلھام بېرىش، ۋەيران بولۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇپ بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش، خادىملارنى قىسقارتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش" دېگەن فاڭجېننىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى سەۋەبچى بولدى، دەيدىغان بىر خىل كۆزقاراش بار. ئەمەلىيەتتە، 1997-يىلدىكى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى 3-ئايدا ئېچىلغان، قوشۇۋېلىش-ۋەيران بولۇش، خادىملارنى قىسقارتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، بانكىنىڭ تۇرۇپ قالغان ۋە تىرىلمەيدىغان قەرزىنى ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىش پىلانى 7-ئايدا تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپلەپ ئىش ئورنىدىن قېلىش ئەھۋالى بولسا ئاللىقاچان ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت بولۇپ قالغان. مەركەز يۇقىرىقى فاڭجېننى دەل ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭلاشقا، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان فاڭجېن سەۋەبچى بولدى دەيدىغان كۆزقاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، ئۇنىڭدا سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن.

ئۈچىنچى، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەسىلىسى ياخشى ھەل قىلىنمىسا، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يېتىدۇ. ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئالغا سۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان-ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ مۇھىم تەجرىبىلەرنىڭ بىرى. نۆۋەتتە، بىز بۇ ئۈچ ئىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىمىز دەيدىكەنمىز، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئۇلارنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى پۇختا ھەلدا ياخشى ھەل قىلىشىمىز لازىم.

بىقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ تەلىپى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، پائال ھالدا تەدبىر قوللىنىپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش جەھەتلەردە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، مەملىكەت بويىچە 6 مىليون 400 مىڭ ئىشچى-خىزمەتچى بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، قېپقالغان 6 مىليون 340 مىڭ ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچى ئىچىدە، 3 مىليون 240 مىڭ ئادەم ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتى ئالغان؛ ”دەسمايە قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش“ سىنىقى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان 111 شەھەردە قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمەت مەركىزىدىن جەمئىي 1 مىڭ 777سى قۇرۇلۇپ، قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى جايلار ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئىجادكارلىق بىلەن خىزمەتنى قانات يايدۇرۇپ، نۇرغۇن ياخشى تەجرىبىلەرنى توپلىدى. لېكىن، شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، بىز نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەت يەنىلا ئىنتايىن جىددىي، ۋەزىپىمىز خېلىلا مۈشكۈل. بىز چوقۇم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ھەر ۋاقىت كۆڭلىمىزدە ساقلاپ، ئۇلارنىڭ دەردىنى چۈشىنىپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىپ بېرىشىمىز، پارتىيە ۋە خەلققە بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەسىلىسىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ھەل قىلىشىمىز كېرەك.

## 2. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئۇلارنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ نىشان، ۋەزىپە ۋە مۇھىم نۇقتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم

«ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئۇلارنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»دا، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى

ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئۇلارنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، نىشان-ۋەزىپىسى ۋە سىياسەت تەدبىرلىرى ئېنىق بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشىمىزنىڭ ئاساسى ۋە مىزانى. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ئۈستىدىكى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى نەزەرگە ئېلىپ، مەركەز مۇنۇ تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى: نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، ئاساسلىقى دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئۇلارنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ئۇلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە قىلىش، ھەمدە ھەر يىلى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئادەم سانىنى شۇ يىلقى ئىش ئورنىدىن قالغان ئادەم سانىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە تىرىشىش، 1998-يىلى ئىلگىرى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە يېڭىدىن ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ 50 پىرسەنتىنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. بەش يىلدەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدىغان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش مېخانىزمىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىشقا تىرىشىش كېرەك.

ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. مۇھىم نۇقتا— زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر. بۇ مۇھىم نۇقتىنى ئېنىق بەلگىلەشتە، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئۈچ يىللىق ئىسلاھاتىنىڭ ۋە قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشىنىڭ تەلىپى كۆزدە تۇتۇلغان. مەركەز دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى ئىكەنلىكىنى قايتا-قايتا ئېنىق ئېيتقان. نۆۋەتتە، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ئاتاكا قىلىش باسقۇچىغا كىردى. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئوشۇقچە خادىملار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۆزى دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە تۈپ ئالدىنقى شەرتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەسىلىسى نۆۋەتتىكى ئەڭ گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا، مەملىكەت بويىچە ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ 70 پىرسەنتچىسى زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچى بولۇپ، بۇ قىسىم ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەسىلىسى ھەل قىلىنسا، باشقا كارخانىلاردىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشمۇ ئاسانغا چۈشىدۇ. ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى تېخى مۇكەممەل بولمىغان، مالىيە كۈچى يېتەرلىك بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرگەندىلا، ئاندىن مەسىلىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا ۋە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان، پارتىيە ۋە دۆلەت ئەلۋەتتە ئۇلارغا تېخىمۇ كۆپ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشىپ بېرىشى، ئۇلارنىڭ قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىنىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك.

دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەسىلىسىنى ياخشى ھەل

قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دائىرىسىنى ئېنىق بەلگىلەش كېرەك. بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى ئۇقۇمنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك: بىرىنچىدىن، ئىش ئورنىدىن قېلىش بىلەن ئىشسىز قېلىشنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك. ئىش ئورنىدىن قالغانلار دېگەندە، كارخانا بىلەن بولغان ئەمگەك مۇناسىۋىتى بىكار قىلىنمىغان، يەنىلا كارخانىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى قاتارىدا تۇرغانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ ئىشسىز قالغانلار بولسا بۇلارغا ئوخشىمايدۇ، بۇ كىشىلەر كارخانا بىلەن ئەمگەك مۇناسىۋىتى بولمىغان، جەمئىيەتتە تۇرۇپ قالغانلاردۇر. 1984-يىلىدىن باشلاپ، ئېلىمىزدە يېڭىدىن زاۋۇتقا كىرگەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە قارىتا ئەمگەك توختىمى تۈزۈمى يولغا قويۇلىدىغان بولدى. ئومۇمەن ئەمگەك توختىمى تۈزۈمىدىكى يېڭى ئىشچى-خىزمەتچىلەر توختام مۇددىتى توشقاندا خىزمەتتىن بوشىتىلسا، ئۇلارنىڭ كارخانا بىلەن بولغان ئەمگەك مۇناسىۋىتى ئۆز-ئۆزىدىن بىكار قىلىنغان بولىدۇ، بۇ قىسىم كىشىلەر ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچى ھېسابلانمايدۇ. بىز دائىم ئىككى گۇرۇپپا سانلىق مەلۇماتنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز، بىرى، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سانى، يەنە بىرى، تىزىمغا ئېلىنغان ئىشسىزلارنىڭ سانى، بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى كارخانا بىلەن ئەمگەك مۇناسىۋىتىنىڭ بار-يوقلۇقىدا. ئىككىنچىدىن، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش بىلەن بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك. بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش دېگەندە، كارخانىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىقتىسادىي گەۋدە قۇرۇش، سىرتقا ئەمگەك مۇلازىمىتىنى چىقىرىش، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇپ كۈتۈنۈشكە چىقىرىش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق، ئوشۇقچە خادىملارنى ئەسلى ئىش ئورنىدىن ئايرىۋېتىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش دېگەن ئۇقۇمنى باۋشەن پولات-تۆمۈر شىركىتى بۇرۇنراق ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇلار ئاساسىي كەسىپ بىلەن قوشۇمچە كەسىپنى ئايرىۋېتىش، ئاساسىي گەۋدىنى خىل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت ئاساسىي كەسىپنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئىدى، ئاساسىي كەسىپتىن ئايرىۋېتىلگەن ئوشۇقچە خادىملار كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش، پايدا-زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش يولىدا ماڭغان، جەمئىيەتكە ئىتتىرىپ قويۇلمىغان، بۇ ئەمەلىيەتتە كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىش ئورنىدىن يۆتكىلىش بولۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنىدىن قېلىشىغا ئوخشىمايدۇ. دېمەك، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچى دېگەندە مۇنداق كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ: بىرىنچىدىن، كارخانا بىلەن بولغان ئەمگەك مۇناسىۋىتى بىكار قىلىنمىغان، ئىككىنچىدىن، ئەسلى كارخانىدا ئىش ئورنىدىن مەھرۇم بولغان، ئۈچىنچىدىن، ئىشقا ئورۇنلىشىش تەلىپى بولسىمۇ تېخى يېڭى خىزمەتنى تاپالمىغان.

دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش ئىشىدا ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش سالمىقىنى ياخشى ئىگىلەش لازىم. ھازىر، مەملىكىتىمىزدە ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى تېخى مۇكەممەل ئەمەس، ئەمگەك كۈچى بازىرى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن، شەھەر-بازارلاردا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولغان بېسىم بىرقەدەر زور، ئەگەر ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىر مەزگىلدە بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدىكى يادرولۇق مەسىلە شۇكى، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، دۆلەت مالىيىسى بىلەن ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى، قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئارقىلىق ھازىرلاپ بېرىش ئىمكانىيىتى بولغان ئىش ئورنىنىڭ مىقدارىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىش كېرەك. خادىملارنى

قىسقارتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش، بولۇپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى جەمئىيەتنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىغا ماسلاشتۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش ئۈستىدىكى ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مۇنداق ئۈچ نۇقتىنى تەكىتلەيمىز: بىرىنچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرغاندىن كېيىن ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش لازىم. بۇنىڭدىكى مەقسەت ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى نەزەرگە ئېلىش. ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتى ۋە تاپشۇرۇلىدىغان سۇغۇرتا پۇلىنىڭ كۆپ قىسمى مالىيە ۋە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى فوندىدىن كېلىدىغان بولغاچقا، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرىغا مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇش تېگىشلىك ئىش. ئىككىنچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇشنىڭ رەسمىيىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، خىزمەتنىڭ ئوچۇقلۇق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش لازىم. كىملەرنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش، كىملەرنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرماسلىق دىرېكتور (زاۋۇت باشلىقى) دىن ئىبارەت بىرلا كىشىنىڭ دېگىنى بويىچە بولسا بولمايدۇ، ئۇنى كارخانا رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ كوللېكتىپ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ قارار قىلىش كېرەك، كارخانىنىڭ خادىملارنى قىسقارتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش، بولۇپ ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى لايىھىلىرى ئۈستىدە ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ پىكرىنى تولۇق ئاڭلاش كېرەك. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇشتا ئادىل بولۇشنى، رىقابەت ئارقىلىق ئىش ئورنىغا چىقىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن، ئىش ئورنىدىن قالغانلار قايىل بولسۇن، ئىش ئورنىدا تۇرغانلارنىڭ ئۈستىگە بېسىم چۈشسۇن. ئۈچىنچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، بەزىبىر قوغداش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، ئەر-ئايال ئىككى تەرەپنىڭ ئىش ئورنىدىن تەڭ قېلىشىدىن ساقلىنىش، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ، قۇربانلار ۋە ھەربىيلەر ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ، مېيىپلەرنىڭ ئىش ئورنىدىن قېلىشىدىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىش كېرەك.

ھازىر، بەزى جايلار ۋە كارخانىلار دۆلەت بەلگىلىگەن پېنسىيىگە چىقىش يېشىغا يېقىنلاشقان پىشقەدەم ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى بالدۇر پېنسىيىگە چىقىرىش ئۇسۇلىنى قوللانماقتا. بۇ ئىشنى يەنىلا قاتتىق كونترول قىلىش كېرەك. ئەگەر كونترول قىلىنمايدىغان بولسا، كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى فوندى كۆتۈرەلمەي قالىدۇ، يەنە كېلىپ بالدۇر پېنسىيىگە چىققان ئىشچى-خىزمەتچىلەر يېڭى ئىش ئورنىنى ئىگىلەپ كېتىپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشتىكى قىيىنچىلىقىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. نۆۋەتتە، بىز ”دەسمايە قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش“ سىنىقى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شەھەرلەردىكى ۋەيران بولغان كارخانىلارغا ۋە توققۇمچىلىق كەسپىدىكى ئىككى ئالاھىدە ئىش تۈرىگىلا ئېغىز ئېچىپ، بالدۇر پېنسىيىگە چىقىرىش يولىنى تۇتۇشقا يول قويدۇق. ھەرقايسى جايلار چوقۇم مەركەزنىڭ بەلگىلىمىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىشى كېرەك، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بالدۇر پېنسىيىگە چىقىرىشقا يول قويۇلمايدۇ.

**3. قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتىنى قولغا ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم**

دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئۇلارنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، ھازىرقى ئەڭ جىددىي بىر ئىش قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ھەر بىر ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتىنى قولغا ئالالىشىغا، ئىش ئورنىدىن قالغان ھەر بىر ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ جان باقالايدىغان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، ئاساسەن مۇنداق ئىككى ئىشنى ياخشى ئىشلەش كېرەك: بىرىنچىدىن، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر بار كارخانىلارنىڭ ھەممىسى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمەت مەركىزى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاپپاراتلارنى قۇرۇشى كېرەك، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر كۆپ بولمىغان كارخانىلار بۇ ئىشنى ھازىرقى بار بۆلۈمنىڭ باشقۇرۇشىغا ھاۋالە قىلسىمۇ بولىدۇ، بۇنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ تەشكىلىي كاپالىتى قىلىپ، ئۆز كارخانىسىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشىغا ئاخىرىغىچە مەسئۇل بولۇشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە بولغان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ھەمدە ئۇنى ئەمگەك كۈچى بازىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، كارخانا، كەسىپ ۋە مەھەللە ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلغان قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمەت تورىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

بۇ يەردە ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈر بولغىنى شۇكى، قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمەت مەركىزى چوقۇم كارخانىدا قۇرۇلۇشى كېرەك. ئالدىنقى بىر مەزگىلدە جايلارنىڭ تۇتقان يوللىرى ئوخشاش بولمىدى، بەزىلىرى كارخانىدا، بەزىلىرى كەسىپ بويىچە قۇرۇلدى، يەنە بەزىلىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قۇرۇلدى. بۇنىڭدىن كېيىن، قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمەت مەركىزى بىردەك كارخانىدا قۇرۇلۇشى، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز كارخانىسىنىڭ قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مەركىزىگە كىرىشى كېرەك. كارخانا ئۆزىنىڭ ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىشىغا ئاخىرىغىچە مەسئۇل بولۇشى كېرەككى، ئۇلارنى جەمئىيەتكە ئىتتىرىپ قويۇپلا بولدى قىلىشقا بولمايدۇ. ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانا بىلەن بولغان ئەمگەك مۇناسىۋىتى بىكار قىلىنمىغاندىكىن، كارخانا ئۇلارغا ئەلۋەتتە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك، بۇ زاۋۇت باشلىقى، دىرېكتورنىڭ، شۇنداقلا پارتىيە تەشكىلى، ئەمگەكچىلەر ئۇيۇشمىسى ۋە ياشلار ئىتتىپاقىنىڭمۇ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى. ھازىر ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەردە ئەندىشە كۆپ، بۇنىڭدىن ئەڭ چوڭى ئىش ئورنىدىن قالغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئىشىنى سورايدىغان ئادەمنىڭ بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت. كارخانا ئۆزىنىڭ ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئۇلارنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىش

قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىشى مۇمكىن، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشمۇ بىرقەدەر ئاسان بولىدۇ، بۇنى پىلانلىق ئىگىلىكتە خاس ئىشچى ئىشلىتىش تۈزۈمىدىكى كونا يولغا قايتقانلىق دېگىلى بولمايدۇ. ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مەركىزىگە كىرىشى ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى تېخى مۇكەممەل بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بازار ئىگىلىكىگە خاس ئىشقا ئورۇنلىشىش مېخانىزمىغا قاراپ بۇرۇلۇش ياساش جەريانىدىكى بىر خىل ئۆتكۈنچى چارە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا كارخانىنىڭ ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئۆلگىچە بېقىشى تەلەپ قىلىنمايدۇ، بەلكى كارخانىنىڭ ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقىچە، ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ياردىمى بىلەن، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىش جەھەتتە تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ ئاساسەن مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ۋەزىپىسى بار: بىرىنچىسى، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتىنى تارقىتىش؛ ئىككىنچىسى، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق ۋە داۋالىنىش سۇغۇرتىسى خىراجىتىنى تاپشۇرۇش؛ ئۈچىنچىسى، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەش ئىشى ئېلىپ بېرىش، ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا يول كۆرسىتىش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىش. بۇ ئۈچ ۋەزىپىنىڭ ئۈچلىسى ناھايىتى مۇھىم، لېكىن ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش لازىم. بۇنى چىڭ پرىنسىپ قاتارىدا ئۆز ئەينى بويىچە ئىزچىل ئىجرا قىلىش شەرت. ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولغاندا، چوڭ مەسىلە كېلىپ چىقمايدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي مۇقىملىقىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. مۇشۇ ئاساستا، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش، ئىش تېپىپ بېرىش ئىشلىرىنى ئىشلەش ئاسانغا چۈشىدۇ. ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتىنىڭ ئۆلچىمىنى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەش كېرەك، ئۇنى ھەم ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلالايدىغان قىلىش، ھەم بەكمۇ يۇقىرى قىلىپ كەتمەسلىك كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كەسىپ تاللاش كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتىپ، قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، بۇ خىراجەتنى بەلگىلىك نىسبەت بويىچە يىلمۇيىل ئازايتىپ بېرىش كېرەك. ئوخشاش بىر شەھەردە، ئىش ئورنىدىن قېلىپ قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمەت مەركىزىگە كىرگەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتىنى ئوخشاش بىر ئۆلچەم بويىچە تارقىتىش كېرەك. ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمەت مەركىزىدە تۇرۇش ۋاقتى ئادەتتە ئۈچ يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك، ئۈچ يىلدىن كېيىنمۇ قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشمىغانلارغا ئىشسىزلار ۋە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئوبيېكتلىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا كېرەكلىك مەبلەغنى غەملەشتە، "ئۈچ ئۈچتىن بىر تۈزۈم" يولغا قويۇلىدۇ، پرىنسىپ جەھەتتە ھۆكۈمەت، كارخانا

ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسىسى ئۈچتىن بىر قىسمىنى كۆتۈرىدۇ. بىرىنچىدىن، مالىيىدىن پۇل چىقىرىش كېرەك، مەركەز مالىيىسىدىنمۇ، يەرلىك مالىيىدىنمۇ پۇل چىقىرىش كېرەك. مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ كۆتۈرىدىغان قىسمى مەركەز مالىيىسىدىن ھەل قىلىنىدۇ، يەرلىك كارخانىلارنىڭ كۆتۈرىدىغان قىسمى پرىنسىپ جەھەتتە يەرلىك مالىيىدىن ھەل قىلىنىدۇ، قىيىنچىلىقى چوڭراق رايونلارغا ۋە كونا سانائەت بازىلىرىغا قارىتا، مەركەز مالىيىسىدىن 1998-يىلى ئۈچ مىليارد يۈەن پۇل چىقىرىلىپ، يۆتكەپ چىقىم قىلىش ئارقىلىق، مەخسۇس فوند شەكلىدە بىر قىسىم پۇل ھەل قىلىپ بېرىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق مۇشۇ رايونلارنىڭ مالىيە يۈكى يەڭگىللىتىلىدۇ. ھازىر، ھەممە جايلارنىڭ مالىيىسى ناھايىتى قىس بولۇۋاتىدۇ، شۇنداقتىمۇ چوڭ جەھەتتىن ھېساب-كىتاب قىلىش كېرەك، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىشنىڭ بەدىلى ۋە تەننەرخى ھېسابىدا، بۇ پۇلنى خەجلىمەي مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق دېيىش كېرەككى، مەيلى ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلار بولسۇن ياكى ئىقتىسادى ئانچە تەرەققىي تاپمىغان رايونلار بولسۇن، بۇ پۇلنى چىقىرالايدۇ، بۇنىڭ ئاچقۇچى قەتئىي نىيەتكە كېلىشىدە. 1998-يىلدىن باشلاپ، يەرلىك مالىيىدە قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش فوندى خامچوتقا كىرگۈزۈلىدىغان بولدى، گەپ شۇ يەردىكى، خامچوتقا كىرگۈزۈلگەن پۇل يېتەرلىك بولماسلىقى مۇمكىن، ئۇنى تېگىشلىك دەرىجىدە تەڭشەش كېرەك. ئىككىنچىدىن، كارخانىلار كۆتۈرىدىغان مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ھازىر كارخانىلار ئۈچتىن بىر قىسمىنىلا كۆتۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتى، كۇتۇنۇش، ئىشسىزلىق ۋە داۋالىنىش سۇغۇرتىسى پۇلى بىلەن قوشۇلغاندا، ئادەتتە شۇ جايدىكى ئوتتۇرىچە ئىش ھەققىنىڭ يىرىمىگىلا توغرا كېلىدۇ، دېمەك كارخانىلارنىڭ يۈكى خېلىلا كۆپ يەڭگىللىدى، شۇنداق دېيىش كېرەككى، ئايرىم كارخانىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، زور كۆپچىلىك كارخانىلار بۇ پۇلنى كۆتۈرەلەيدۇ. دەرۋەقە، ئېغىر دەرىجىدە زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان ئاز سانلىق كارخانىلار ھەقىقەتەن بۇ پۇلنى چىقىرالمىسا، مالىيىدىن تولۇقلاپ بېرىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، جەمئىيەتتىن غەملىنىدىغان قىسمىنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى فوندىنىڭ چىقىم قىلىش ئىقتىدا-رىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، مەركەز بۇ يىلدىن باشلاپ ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ئۈچۈن پۇل تاپشۇرۇش نىسبىتىنى كارخانا ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ بىر پىرسەنتىدىن ئۈچ پىرسەنتىگە ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى، دېمەك ئىككى پىرسەنت ئۆستۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى-خىزمەت-چى %1 تاپشۇرىدۇ، كارخانا %1 ئاشۇرۇپ تاپشۇرىدۇ. ھېسابلىنىشىچە، بىر پىرسەنت دېگەنلىك بەش مىليارد يۈەن پۇل دېگەنلىك بولىدۇ، ئىككى پىرسەنت يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە، ئون مىليارد يۈەن پۇل كۆپىيىدىغان گەپ. كۆپەيگەن قىسمى ئاساسەن ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشىغا ئىشلىتىلىدۇ. ”ئۈچ ئۈچتىن بىر تۈزۈم“نى يولغا قويۇش ئومۇمىي پرىنسىپ، جايلار ئەمەلىي ئەھۋالنى چىقىش قىلىپ، مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتى ۋە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پۇلى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ”جان بېقىش پۇلى“، ئۇنى تولۇق مىقداردا ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشىغا ئىشلىتىش لازىم. قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ كېرەكلىك خىراجەتلىرىنى، جۈملىدىن خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى، پاراۋانلىق پۇلى شۇنىڭ-دەك باشقۇرۇش خىراجىتى، تەربىيلەش خىراجىتى ۋە باشقا خىراجەتلەرنى بۇنىڭدىن چىقىم قىلىشقا

بولمايدۇ، ئۇنى ھۆكۈمەت ۋە كارخانا ئىلگىرىكى مالىيە يولى بىلەن ھەل قىلىشى لازىم. مالىيە كۆتۈرىدىغان ۋە جەمئىيەت بىر تۇتاش غەملىگەن مەبلەغنى مالىيە تارماقلىرىنىڭ مەخسۇس مەبلەغ قاتارىدا باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈش كېرەك. ھەرقانداق تارماق، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ "جان بېقىش پۇلى" بىلەن ئۆي سېلىۋېلىشىغا، پىكاپ سېتىۋېلىشىغا، يەپ-ئىچىش، سوۋغا تەقدىم قىلىش، مېھماندارچىلىق قىلىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىۋېلىشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ، بۇ خىل قىلمىشلاردا بولغانلار بايقالغان ھامان قاتتىق جازا بېرىش كېرەك.

ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا كېرەكلىك مەبلەغنىڭ يۇقىرىقى كېلىش مەنبەسىدىن باشقا كېلىش مەنبەلىرىمۇ بار. "دەسمايە قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش" سىنىقى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شەھەرلەردىكى ۋەيران بولغان كارخانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مال-مۈلكىنى سېتىشتىن كىرگەن كىرىمنى ئالدى بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىش، ئادەتتە شۇ جايدىكى يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىغان پۇلنى ئاجرىتىپ شۇ ئىشقا ئىشلىتىش ئېنىق بەلگىلەنگەن. قوشۇۋېلىنغان كارخانىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتىنى قوشۇۋالغۇچى تەرەپ كۆتۈرىدۇ. توقۇمىچىلىق سانائىتى، كۆمۈر سانائىتى، ھەربىي قورال-ياراغ سانائىتى قاتارلىق قىيىن ئەھۋالدا تۇرغان كەسىپلەرگىمۇ دۆلەت سىياسەت بەلگىلىگەن. توقۇمىچىلىق كەسپىدە ھەر ئون مىڭ ئۇرچۇق قىسقارتىلسا، مالىيىدىن 3 مىليون يۈەن پۇل ئاجرىتىلىدۇ، مەركەز مالىيىسى بىلەن يەرلىك مالىيىنىڭ ھەرقايسىسى يېرىمىنى كۆتۈرىدۇ، بۇ پۇل ئاساسلىقى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. كۆمۈر كەسپىگە مەركەز مالىيىسىدىن ياردەم پۇلى ھېسابىدا ھەر يىلى 1 مىليارد يۈەن پۇل بېرىلىدۇ، تاپاۋەت بېجى تولۇق قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ھەربىي قورال-ياراغ كەسپىگە مەركەز مالىيىسىدىن ياردەم پۇلى ھېسابىدا 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن پۇل بېرىلىدۇ. بۇ سىياسەتلەر ھەققىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلسىلا، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا گەپ بولمىسا كېرەك.

قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، نۆۋەتتىكى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بىر تۈرلۈك ئۆتكۈنچى خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئەسلىدىكى ئىش ئورنىدىن قىسقارتىش ھەم ئۇلارنى جەمئىيەتكە ئىتتىرىپ قويماسلىققا ئىمكانىيەت يارىتىدىغان بىر تۈرلۈك سىلىق ئۆتكۈنچى شەكىل، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش بىلەن قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك تەشكىلىي شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى كېيىنكى تۇرمۇشقا بولغان ئەندىشىدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن، يەنە ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق ۋە داۋالىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە كاپالەتكە ئىگە قىلىش مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلىش كېرەك. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، تيەنجىن شەھىرىدە ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن جەمئىي 265 مىڭ ئادەم قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن ئىلگىرىكى كارخانا بىلەن بولغان ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلغانلىرى ئاران 5 مىڭ ئادەم بولۇپ، 2 پىرسەنتكىمۇ

يەتمەيدۇ، بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر كۆتۈنۈش، ئىشسىزلىق ۋە داۋالىنىش جەھەتلەردە كاپالەتكە ئىگە بولالمايدىغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. بۇلار ناھايىتى ئەمەلىي مەسىلە بولۇپ، ئۇنى ھەل قىلىش كېرەك. كونكرېت چارە-تەدبىرلەر مۇنداق: بىرىنچىدىن، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىلگىرىكى كارخانىدا ئىشلىگەن چاغدا تاپشۇرغان ئىجتىمائىي كاپالەت پۇلىنى، جۇملىدىن ئىش ئورنىدىن قالغان مەزگىلدە داۋاملىق تاپشۇرغان كۆتۈنۈش، ئىشسىزلىق ۋە داۋالىنىش سۇغۇرتىسى پۇلىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك، كېيىن كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىدىن بەھرىمەن بولغاندا بۇ پۇلنى قوشۇپ ھېسابلاش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمى ۋاقتىنچە تېخى كېڭەيمىگەن يەككە كارخانا، خۇسۇسىي كارخانا ۋە "ئۈچ خىل مەبلەغ" كارخانىلىرىدا ئىشقا ئورۇنلاشقان بولسا، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئاپپاراتلىرى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پۇلىنى ئۇلاپ تاپشۇرۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك. ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى بۇ كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمىنى تېزرەك ئورنىتىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، كارخانا ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئۆيگە سىياسەت جەھەتتە خىزمەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش كېرەك. سىياسەت جەھەتتىكى بۇ بەلگىلىمىلەرنى كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە تەشۋىق قىلىش، چۈشەندۈرۈش كېرەك. بەزى جايلار: "قەيەردە ئىشلىسەڭ مەيلى، كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى پۇلۇڭ ئۇلاپ ھېسابلىنىدۇ"؛ "قەيەردە ئىشلىسەڭمۇ ئوخشاش، داۋالىنىش جەھەتتە كاپالەتكە ئىگە بولىۋېرىسەن" دېگەن شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ شوئارلار ئاددىي، چۈشىنىشلىك بولۇپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاسانلا چۈشىنەلەيدۇ ۋە قوبۇل قىلالايدۇ.

## 4. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرلۈك چارە-ئاماللار بىلەن ياردەم قىلىش لازىم

ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەسىلىسىنى ئاخىرقى ھېسابتا ھەل قىلىش يولى ئۇلارنىڭ قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم قىلىشتىن ئىبارەت. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىشى بىلەن، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئارتۇق بولغان 6 مىليون 400 مىڭ ئىشچى-خىزمەتچى بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمى يېنىكلىتىلدى. بىز ئىلگىرىكى خىزمەت ئاساسىدا، خىزمەت سالمىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرلۈك چارە-ئاماللار بىلەن ياردەم قىلىشىمىز لازىم.

ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا، دىققەت-ئېتىبارىمىزنى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئىش ئورنىنى ھازىرلاپ بېرىشكە قارىتىشىمىز لازىم. مەركەز بۇ يىل ئىقتىسادنى 8% ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا ئويلىغان ناھايىتى

مۇھىم بىر ئىش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىسمىنى يېنىكلىتىشتىن ئىبارەت. بىز مەركەزنىڭ ئاللاقىدار يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوقۇم ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك سىياسەت تەدبىرلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ بۇ يىللىق نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مۇنداق ئۈچ مەسىلىنى تەكىتلەيمىز:

بىرىنچى، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى كەسىپ تاللاش كۆزقارىشىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىشكە يېتەكلەش لازىم. نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى بىر كۆرۈنەرلىك مەسىلە ‹‹ئىش بار تۇرۇغلۇق قىلىدىغان ئادەم بولماسلىق، ئادەم بار تۇرۇغلۇق قىلىدىغان ئىشنى تاپالماسلىق››تىن ئىبارەت. بېيجىڭ شەھىرى بويىچە ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن 200 مىڭ ئادەم ئىش تاپالمايۋاتىدۇ، ئەمما سىرتتىن كېلىپ بېيجىڭدا ئىشلەۋاتقان ئادەم سانى 2 مىليون 300 مىڭغا يېتىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كەسىپ تاللاش كۆزقارىشى بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ماس كەلمەيۋاتىدۇ. مەملىكىتىمىزدە دۆلەت تەقسىم قىلىشنى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ھۆددىگە ئالىدىغان تۈزۈم نەچچە ئون يىل يولغا قويۇلغان بولغاچقا، ئەنئەنىۋى بولغان ئىشقا ئورۇنلىشىش كۆزقارىشى ۋە كەسىپ تاللاش كۆزقارىشى تا ھازىرغىچە بەزى كىشىلەرنىڭ مېڭىسىنى چىرماپ كەلمەكتە. ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، كەسىپ تاللاش كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتىشكە يېتەكلەش لازىم.

نۆۋەتتە، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە ئۇستىمىزگە ھەقىقەتەن غايەت زور بېسىم چۈشمەكتە، لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، مەملىكىتىمىزنىڭ شەھەر-بازارلىرىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ يوشۇرۇن ئىمكانىيىتى يەنىلا ناھايىتى زور. ئاللاقىدار تارماقلار تەمىنلىگەن ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشچە، ھازىر ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۈنى 16 مىڭ 500 ئادەم يەككە كارخانا، خۇسۇسىي كارخانىلارغا كىرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ تۇرماقتا، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر 80 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئىككى سان شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، شەھەر-بازارلاردا ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ يەنە كەڭ زېمىنى بار. مەركەزمۇ ئۈچىنچى كەسىپ ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىك، يەككە ئىگىلىكنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئەمگەك كۈچىنى قوبۇل قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىشنى قايتا-قايتا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. بىز دۆلەت سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئەمگەكچىلەر ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللاش، بازارلار ئىشقا ئورۇنلىشىشنى تەڭشەش ۋە ھۆكۈمەت ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش فاڭجېنىنى يۈرگۈزۈپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا كەڭ يول ئېچىشىمىز، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشىمىز، ئۈچىنچى كەسىپنى پائال راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. خىزمەتنى ياخشى ئىشلىسەكلا، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى تامامەن ھەل قىلىپ كېتەلەيمىز. بىزدە بۇنداق ئىشەنچ بولۇشى لازىم. ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى كەسىپ تاللاش كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتىشكە ھەقىقىي يېتەكلەش كېرەك. دۆلەت كارخانىسىغا كىرىشلا ئىش

ئورنىنى تېپىپ ئىشقا ئورۇنلاشقانلىق بولىدۇ دەپ قاراپ، ئۇنى-بۇنى تاللاپ يۈرۈۋېرىشكە بولمايدۇ. كۆزقاراش ئۆزگەرسە كەڭ زېمىن ھازىر بولىدۇ، كۆزقاراشنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزى يول ئېچىش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش تېپىش ئېڭىنى تىكلىسەكلا، نۇرغۇن ئىش ئورنى كۆز ئالدىمىزدا ھازىر بولىدۇ. مەسىلەن، ۋاقىت بويىچە ئۆي ئىشلىرىنى ئىشلەش، تاۋارنى تەگىشەپ ئاپىرىش، مۇھىت ئاسراش-كۆكەرتىش، مەھەللە مۇلازىمەتچىلىكى، ئۆي-زېمىن خوجىلىقىنى باشقۇرۇش قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ ھەممىسى نۇرغۇنلىغان ئىش ئورنىنى يارىتالايدۇ. خاربىن شەھىرى بويىچە ئىش ئورنىدىن قالغان 210 مىڭ ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ 48 پىرسەنتى 3-كەسىپكە ئىشقا ئورۇنلاشتى. تيەنجىن شەھىرىدە "ئەتىگەنلىك تاماق قورۇلۇشى"لا مىڭدىن ئارتۇق ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىنى قوبۇل قىلدى. خىزمەت ئىشلىشىمىز ئارقىلىق، ئىش ئورنىدىن قالغان ھەر بىر ئىشچى-خىزمەتچىگە، جەمئىيەتتىكى ھەر بىر كىشىگە شۇنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەككى، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، سەممىيەت بىلەن ئەمگەك قىلىپ، قانۇنىي تىجارەت قىلساقلا، ئۇياتلىق ئىش ئورنى، پەس خىزمەت دېگەن نەرسە مەۋجۇت بولمايدۇ، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەپ، جاسارەت بىلەن يۈكسەك ئۆرلەيدىغانلا بولساق، ھەرقانداق ئىش ئورنىدا ئۆز كارامىتىمىزنى تولۇق كۆرسىتەلەيمىز، ئۆزىمىزنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلالايمىز.

ئىككىنچى، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئەمگەك كۈچى بازىرى ئارقىلىق ئۆزى ئىش تېپىشقا رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. ئەمگەك كۈچى بازىرى ئارقىلىق قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ ئاساسىي شەكلى. دەرۋەقە، بىزدە ھازىر بۇنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇش تېخى مۇمكىن ئەمەس، ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم قىلىشى يەنىلا زۆرۈر. ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئۆزى ئىش تېپىشقا ياكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەشكىللىنىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. شېنياڭ شەھىرىدە بۇلتۇر ئۆزى ئىش تېپىش ۋە ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەشكىللىنىش ئارقىلىق قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقان ئادەم سانىنىڭ 40 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، بەزى جايلاردا بۇ نىسبەت تېخىمۇ يۇقىرىراق بولدى. تېخىمۇ خۇشاللىنارلىقى شۇكى، ھەممىلا جايدا ئۆزى يول ئېچىش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش تېپىش، كۈتۈپ تۇرۇۋالماي، يۆلىنىۋالماي، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ بىر تۈركۈم تىپلىرى بارلىققا كەلدى. بەزىلىرى ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغانىنىڭ ئۈستىگە، يەنە ئىش ئورنىدىن قالغان باشقا ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭمۇ قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم قىلدى. بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئەمگەك كۈچى بازىرى ئارقىلىق ئۆزى ئىش تېپىشقا ياكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەشكىللىنىپ ئىشقا ئورۇنلىنىشقا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىش لازىم. مەركەز ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن ئۆزى ئىش تاپقان ياكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەشكىللىنىپ ئىشقا ئورۇنلاشقانلىرىغا مەبلەغ، باج، ھەق ئېلىش ۋە تىزىمغا ئېلىش قاتارلىق جەھەتلەردىن مەلۇم دەرىجىدە ئېتىبار بېرىش ۋە مەدەت بېرىش لازىملىقىنى ئېنىق كۆرسەتكەن. ھازىر ھەرقايسى جايلار ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزى ئىش تېپىشىنى ۋە شىرىكلىشىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى قوللاش يۈزىسىدىن بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ھەرقايسى جايلارنىڭ مەركەز يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، تەجرىبە-

لەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، سىياسەت جەھەتتىن يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ يەردە ئالاھىدە تەكىتلەيدىغىنىمىز شۇكى، مەركەز بانكىنىڭ ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزى ئىش تېپىشى ۋە ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەشكىللىنىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئۈچۈن ئاز مىقداردا پۇل قەرز بېرىشى لازىملىقى ھەققىدە ئېنىق بەلگىلىمە چىقاردى. ھازىر جۇڭگو خەلق بانكىسى بۇ مەسىلە ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزى ئىش تېپىشنى مەبلەغ جەھەتتىن قوللاش ئۈچۈن، ھەقىقىي يولغا قويغىلى بولىدىغان، ئەمەلىي ئىشلەشكە ئوڭاي بولىدىغان كونكرېت لايىھىنى مۇمكىنقەدەر بالدۇرراق تۈزۈپ چىقىش لازىم.

ئۈچىنچى، ئەمگەك كۈچى بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش لازىم. ئەمگەك كۈچى بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، بازار ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى سۈپەتلىك مۇلازىمەت ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش يېتەكچىلىكى بىلەن تەمىنلەش قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەشكە قابىل خادىملارنى ئەۋەتىپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. ھازىر ھەرقايسى جايلار ئەمگەك كۈچى بازىرىنى قۇرۇش جەھەتتە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، خېلى كۆپ تەجرىبىلەرنى توپلىدى. بۇ يەردە يەنە مۇنداق ئىككى نۇقتىنى تەكىتلەيمىز: بىرىنچىدىن، سىستېما بىلەن رايونلار ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن، ئۆزئارا ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغان، يارامىلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۇچۇر تورىنى بەرپا قىلىپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىش تېپىشقا دائىر ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك. گېزىت، رادىيو، تېلېۋىزىيە، ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ ئاخىرقى تورى قاتارلىق زامانىۋى ئالاقە مۇئەسسەسلىرى ئارقىلىق، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى زۆرۈر بولغان ئۇچۇر مەسلىھەتچىلىكى مۇلازىمىتى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش يېتەكچىلىكى بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك. شاڭخەي، تيەنجىن، چاڭچۈن قاتارلىق جايلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇلار ھازىرقى بار شەھەر ئۇچۇر تورىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، يۈزمۇيۈز سۆزلىشىشتەك ئەنئەنىۋى ئۇسۇلنى بازارنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتكەچكە، خەجلىگەن پۇل كۆپ بولمىسىمۇ، ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولغان، قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ زامانىۋىلىشىشى، قېلىپلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ئىككىنچىدىن، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى كەسپىي تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەش لازىم. كەسپىي تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش — قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە تۈپ ئالدىنقى شەرتى، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ھازىر ئىش ئورنىدىن قالغان بەزى ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىرلا خىل تېخنىكىنى ئىگەللىگەن بولۇپ، يېڭى ئىش ئورنىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالمايۋاتىدۇ، بۇ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى چەكلەشتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى كەسپىي تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش خىزمىتىگە يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. پىلان ۋە سىياسەت

تۈزۈپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى كەسپىي تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەشكە ئىلھام بېرىش كېرەك. ھازىرقى بار مۇئەسسەسە ۋە كۈچتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ياخشى شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. تەربىيىلەشنىڭ قاراتمىلىقى بولۇشى، ئەمگەك كۈچى بازىرىغا يۈزلىنىشى، بازاردا قانداق ئىختىساسلىق خادىم لازىم بولسا، تەربىيىلەشنىڭ مەزمۇنىمۇ شۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇلۇشى كېرەك. كەسپىي تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش ئىشىنى جامائەتكە پايدىلىق ئىش قاتارىدا ئېلىپ بېرىش كېرەككى، ئۇنىڭدا پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلىشقا بولمايدۇ، ھەقسىز تەربىيىلەشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. تەربىيىلەش خىراجىتىنى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۈچۈن بەرپا قىلىنغان فوندتىن چىقىم قىلماسلىق، لازىم بولغان مەبلەغنى بەلگىلەنگەن ئالاقىدار يوللار ئارقىلىق ھەل قىلىش كېرەك.

ھازىر، ھەرقايسى تەرەپتىكىلەر بۇ خىزمەتكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ، چوڭ فاكچىن، سىياسەتلەرمۇ ئايدىڭلاشتى، ئاچقۇچ چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خىزمەتنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىنجان**
**مەسئۇل مۇھەررىر: تۇرسۇن رەھىم**

# ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەش ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن قوراللىنىش

## — دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ۋە 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا دائىر بىرنەچچە مەسىلە توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

**جېڭ بىجيەن**

### 1. نۆۋەتتىكى ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەش ئاساسىدا نەزەرىيە ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك

(1) 15-قۇرۇلتاي چاقىرىلغىنىغا سەككىز ئاي بولدى، نەزەرىيە ئۆگىنىشتە زور ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلدۇق. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىشنى قانداق قىلىپ يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك؟ يولداش جياڭ زېمىننىڭ 15- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 1-، 2- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى بىر قاتار مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرىدىغان بولساقلا، تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەش ۋە نەتىجە ھاسىل قىلالايمىز. دېمەك، ئەسلى ئەسەر ۋە ھۆججەتلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ئوقۇش ئاساسىدا، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى تارىخنى يەكۈنلەش ۋە رېئاللىقنى ئىگىلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بولۇپمۇ ۋەزىيەتنىڭ يېڭى تەرەققىياتىنى ئىگىلەش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەتراپلىق، توغرا ئۆزلەشتۈرۈپ ۋە ئىگىلەپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشىمىزنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

(2) دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئىنتايىن مۇھىم بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۇ بولسىمۇ، مەيلى ھازىرقى مەسىلىلەر بولسۇن ياكى كېلەچەكتىكى مەسىلىلەر بولسۇن، ھەممىسى تار نۇقتىدىن ئەمەس، بەلكى ئومۇمىيلىق نۇقتىسىدىن سۆزلەنگەن، مەسىلىلەرنى كۆزىتىشتە خەلقئارادىكى ئومۇمىيلىق ۋە مەملىكىتىمىزدىكى ئومۇمىيلىق كۆزدە تۇتۇلغان. دەل شۇنداق بولغاچقا، بۈگۈنكى كۈندە بىزگە نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە قويۇلىدىغان مۇھىم بىر تەلەپ نەزەرىيە ئۆگىنىشنى خەلقئارادىكى ئومۇمىيلىق بىلەن مەملىكىتىمىزدىكى ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەش نۇقتىسىدا تۇرۇپ چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى

ئەمەلىي مەسىلىلەرنى مەركەز قىلىپ، خەلقئارادىكى ئومۇمىيلىق بىلەن مەملىكىتىمىزدىكى ئومۇمىيلىققا بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ 21-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى دۇنيادىكى مۇھىتى ۋە ئورنىنى، جۇڭگو دۇچ كېلىدىغان پۇرسەت ۋە مۇسابىقىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش، مۇشۇ ئاساستا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ 15-قۇرۇلتاينىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش توغرىسىدىكى تەدبىرىنىڭ زور ئەھمىيىتىنى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ پۈتۈن پارتىيىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىنى ئالدى بىلەن مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەدبىرىنىڭ زور ئەھمىيىتىنى چۈشىنىش كېرەك.

(3) 15-قۇرۇلتايدىن كېيىنكى سەككىز ئايدا مەملىكىتىمىزدىكى ئومۇمىيلىقتا خۇشاللىنارلىق زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. بۇ بۇ يىل 3-ئايدا چاقىرىلغان "ئىككى يىغىن"دا تولۇق نامايان بولدى، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش يولىدا ئىرىشىپ كۈرەش قىلماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خەلقئارادىكى ئومۇمىيلىقتا بولۇپمۇ دۇنيا ئىگىلىكى ئومۇمىيلىقىدا زور ئۆزگىرىش بولدى ھەم بولۇۋاتىدۇ. بۇ يەردە ئاساسەن، 15-قۇرۇلتاي چاقىرىلىشتىن سەل ئىلگىرى باشلانغان، كېيىن يەنە ئىنتايىن زور تەۋرىنىش كۈچى، زەربە كۈچى، ھەتتا پارچىلاش كۈچى بىلەن ئەتراپىمىزدىكى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىن تارتىپ شەرقىي شىمالىي ئاسىياغىچە بولغان بىر قاتار دۆلەت ۋە رايونلارغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتكەن ئاسىيا پۇل مۇئامىلە داۋالغۇشى، شۇنىڭدەك بۇ قېتىمقى داۋالغۇشتا كۆرۈلگەن ھەم ئۇزاق داۋام قىلىدىغان دۇنيا ئىگىلىكىنىڭ يەر شارى بويىچە ئومۇملىشىش دولقۇنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى مۇقىملىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان زور ئۆزگىرىش-تە! خەلقئارادىكى ئومۇمىيلىق بىلەن مەملىكىتىمىزدىكى ئومۇمىيلىق زىچ باغلىنىشلىق، ئەلۋەتتە. پارتىيىمىزنىڭ مۇھىم تارىخىي تەجرىبىلىرىدىن بىرى شۇكى، مەملىكىتىمىزدىكى ئومۇمىيلىق ئاساس، خەلقئارادىكى ئومۇمىيلىقنىڭ قانداق بولۇشى، خەلقئارادىكى ئومۇمىيلىقنى كۆزىتىشىمىزنىڭ سەگەك بولغان-بولمىغانلىقى ئۆز نۆۋىتىدە مەملىكىتىمىزدىكى ئومۇمىيلىققا، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 2. جۇڭگونىڭ ئاسىيا پۇل مۇئامىلە داۋالغۇشى ئالدىدىكى تەۋرەنمەس ھالىتى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ۋە 15-قۇرۇلتاي روھىنىڭ غايەت زور كۈچ-قۇدرىتىنى ئىپادىلىدى

(4) بۇ قېتىمقى ئاسىيا پۇل مۇئامىلە داۋالغۇشى بىز 21-ئەسىرگە قەدەم تاشلاۋاتقان تارىخىي پەيتتە يۈز بەردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا يۈز بەردى، بۇنى ھەقىقەتەن كۆپ بەدەل تۆلىمەيلا تېپىلغۇسىز ئوقۇتقۇچىغا ئېرىشتۇق دېسەك بولىدۇ. بۇ قېتىمقى داۋالغۇشنىڭ ئىنتايىن پايدىلىق تەرىپى شۇكى، ئۇ دۇنيا ئىگىلىكى ئومۇمىيلىقىدا بىر مەزگىلدىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن چوڭقۇر قاتلاملىق بىر قاتار زىددىيەت ۋە زور يوشۇرۇنلارنى قىسقىغىنە بىرنەچچە ئاي ئىچىدە، ئىنتايىن ئۆتكۈر ھالدا ھەتتا شىددەت بىلەن بىراقلا مەركەزلەشتۈرۈپ كىشىلەرنىڭ ئالدىغا گەۋدىلىك قىلىپ قويدى. ئىقتىسادچى، پۇل مۇئامىلىچى، سىياسەتچى، دىپلوماتلارنىڭ ھەتتا ھەربىي ئىشلار ئالىملىرىنىڭلا ئالدىغا ئەمەس، كەڭ پۇقرالارنىڭمۇ ئالدىغا

قويدى. پۇل مۇئامىلە داۋالغۇشى جەريانىدىكى ئەگرى-توقايلىقلار، يىگىش-يىگىلىشلەر ۋە بىر-بىرىگە ئۇرا كولاشلارنىڭ ھەممىسى ھادىسىدىن، بىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتنى ۋە چوڭ يۈزلىنىشنى يەنىمۇ تونۇشىمىزغا ئىمكانىيەت بېرىدىغان يول كۆرسەتكۈچتىنلا ئىبارەت.

(5) يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1991-يىلى: ”پۇل مۇئامىلىسى ناھايىتى مۇھىم، ئۇ زامانىۋى ئىقتىسادنىڭ يادروسى“ دېگەنىدى. بۇ ھۆكۈم پۇل مۇئامىلىسىنىڭ زامانىۋى ئىقتىسادتىكى ئورنىنى ئۇچۇق كۆرسەتتى. ھالبۇكى، بۇ قېتىمقى ئاسىيا پۇل مۇئامىلە داۋالغۇشى يەنە كېلىپ دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ يەر شارى بويىچە ئومۇملىشىشىغا خاس روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىرى يەر شارى بويىچە ئومۇملىشىش، يەنە بىرى ئۇچۇرلىشىش، بۇ ئىككىسى ئالدى بىلەن پۇل مۇئامىلىسىدىن ئىبارەت بۇ ”زامانىۋى ئىقتىسادنىڭ يادروسى“دا مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئېھتىمال شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ دۇنيا ئىقتىسادىي تەرەققىياتى-نىڭ 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى بىر چوڭ يۆنىلىشى، بۇ چوڭ يۆنىلىشنى چۆرىدەپ، تۆۋەندىكى ئون نۇقتا ئۈستىدە كۆزەتكەنلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

بىرىنچى، ئىقتىسادنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشى ئالدى بىلەن مەركەزلىك ھالدا پۇل مۇئامىلىسىنىڭ ئۆزىدە رېئاللاشتى، پۇل مۇئامىلىسىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش دېگەن ئەنە شۇ (ئىقتىسادنى ئۇچۇرلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن ھەربىي ئىشلارنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى مۇمكىن، ئېھتىمال شۇنداق)، بۇنىڭ ئارقىسىدا ئادەتتىن تاشقىرى چوڭ كۆلەمدىكى، يورۇقلۇق تېزلىكىدەك سۈرئەتتە ھەرىكەت قىلىدىغان زامانىۋى پۇل مۇئامىلە كەسپى بارلىققا كەلدى. ئۇچۇر تېخنىكىسى مىسلى كۆرۈلمىگەن يۇقىرى سۈرئەتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كاپىتالىنىڭ ئەسلىدىلا مىسلىسىز دەرىجىدە زورايغان كۈچىنى ئون ھەسسىلەپ، يۈز ھەسسىلەپ زورايتتى. ھالبۇكى، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر (شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) دىكى پۇل مۇئامىلە كەسپى ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا ئەنئەنىۋى پۇل مۇئامىلە كەسپى پېتى تۇرۇۋاتىدۇ. (بەزىلەر بۇنداق زامانىۋى پۇل مۇئامىلىسى بىلەن ئەنئەنىۋى پۇل مۇئامىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئالتە دەۋرنىڭ پەرقى دېيىشمەكتە) مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى ئاسىيا پۇل مۇئامىلە داۋالغۇشى زامانىۋى پۇل مۇئامىلىسى بىلەن ئەنئەنىۋى پۇل مۇئامىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى بىر مەيدان كەسكىن ئېلىشىش دېيىشكە بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئىقتىسادنى يەر شارى بويىچە ئومۇملاشتۇرۇش ئىشى، ئوخشاشلا، ئاۋۋال مەركەزلىك ھالدا پۇل مۇئامىلىسىنىڭ ئۆزىدە رېئاللاشتى، پۇل مۇئامىلىسىنى يەر شارى بويىچە ئومۇملاشتۇرۇش دېگەن ئەنە شۇ. تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرىنىڭ تۆرلۈك ئورتاق فوند، زايوم قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان پۇل مۇئامىلە مۈلكىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 30 تىرلىيون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتتى. يەر شارى بويىچە تاشقى پېرېۋوت بازىرىدا كۈندىلىك پۇتتۇشۇش مىقدارى بولسا 1 تىرلىيون 500 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا، يىللىق پۇتتۇشۇش مىقدارى 400—500 تىرلىيون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى! (پۈتۈن يەر شارىدىكى پاي بازارلىرىدىن، توكيو، تەيۋەن، شياڭگاڭدىكىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقىلىرىنىڭ كۈندىلىك ئوتتۇرىچە پۇتتۇشۇش مىقدارى ئامېرىكىنىڭكىنىڭ بىر پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيدۇ) بۇنداق 400—500 تىرلىيون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىغان، ماددىي سودىدىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئايرىلغان پۇل مۇئامىلە سودىسى (ماددىي سودا قىسمى 2 پىرسەنتتىن ئاشمايدۇ) نىڭ پاسسىپ تەسىرى شۇ بولدىكى، زامانىمىزدىكى دۇنيا ئىگىلىكى تامامەن

دېگۈدەك "زور قىمارخانا"غا ئايلىنىپ كەتتى! ئەمەلىيەتتە بۇ پۈتۈن يەر شارى پۇل مۇئامىلىسىنىڭ ھالاكەتكە يۈزلىنىشىگە شارائىت ھازىرلاۋاتىدۇ! ھالبۇكى، بۇنداق ئەھۋالدا، خەلقئارا پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان غەرب زامانىۋى پۇل مۇئامىلە نەزەرىيىسى ۋە غەربتىكى تەرەققىي تاپقان ئاساسلىق دۆلەتلەر يەنىلا ھەدەپ يۈگەنسىز پۇل مۇئامىلە ئەركىنلىكىنى يولغا قويۇپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىن پۇل مۇئامىلە بازىرىنى ئېچىۋېتىشنى تەلەپ قىلماقتا، پۇل مۇئامىلە خېيىم-خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھەددىدىن ئاشقان ھايانكەشلىكنى تۇسۇش جەھەتلەردە ئاز-تولا ئىش قىلىشتىن باش تارتماقتا.

ئۈچىنچى، پۇل مۇئامىلىسىنىڭ ئۇچۇرلىشىشىنى ۋە پۇل مۇئامىلىسىنىڭ يەر شارى بويىچە ئومۇملىشىشىنى مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلغان ھالدا، ئىقتىسادنىڭ يەر شارى بويىچە ئومۇملىشىشى تېز تەرەققىي قىلىپ، دۆلەت ھالقىغان كارخانىلار يەنى دۆلەت ھالقىغان 44 مىڭ ئانا شىركەت ۋە دۆلەت سىرتىدىكى 280 مىڭ بالا شىركەت ھەم بۇلارغا قاراشلىق كارخانىلار ئىقتىسادنىڭ يەر شارى بويىچە ئومۇملىشىشىدىكى يېتەكچى كۈچ بولۇپ قالدى. ئۇلار پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى، چەت ئەلگە بىۋاسىتە سېلىنغان مەبلەغنىڭ 70 پىرسەنتىنى، دۇنيا سودىسىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى، پاتېنت ۋە باشقا تېخنىكا ئۆتۈنۈش ئىشلىرىنىڭ 70 پىرسەنتتىن ئارتۇقراقىنى تىزگىنلەپ تۇرماقتا.

تۆتىنچى، پۇل مۇئامىلىسىنىڭ يەر شارى بويىچە ئومۇملىشىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ يەر شارى بويىچە ئومۇملىشىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ دۆلەت ھالقىغان شىركەتلىرىنى يېتەكچى قىلغان ھالدا دۇنيا مىقياسىدا كەسىپ قۇرۇلمىسى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭى بىر نۆۋەتلىك كەسكىن تەڭشەش جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا. بۇ بىر تەرەپتىن تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ئىگىلىكىنىڭ سانائەت ئىگىلىكىدىن "ئەقلىي ئىگىلىك"كە ئۆتۈۋاتقانلىقىدا ئىپادىلەنگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن 80-يىللاردا باشلانغان، 90-يىللاردا تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتكەن يۈزلىنىش، يەنى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ئەمگەك ۋە بايلىقنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان كەسىپلەرنى(يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەردىكى ئەمگەكنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ھالقىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە يۆتكەيدىغان خاھىشتا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھال زور بىر تۈركۈم تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولدى، ئەينى ۋاقىتتا بۇ دۆلەتلەر ۋە رايونلاردا كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئوخشاشلىقىنى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ ئوشۇقلۇقىنى ۋە كەسكىن رىقابەتنى قايتا-قايتا پەيدا قىلدى.

بەشىنچى، پۇل مۇئامىلىسىنىڭ ئۇچۇرلىشىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ يەر شارى بويىچە ئومۇملىشىشىنىڭ ئاساسى زامانىۋى پەن-تېخنىكىدىن ئىبارەت. ھازىر تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەبىئىي بايلىقى ۋە نوپۇسى دۇنيانىڭكىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ، بىراق دۇنيا بويىچە پەن-تېخنىكا سېلىنمىسى، پەن-تېخنىكا خادىملىرى ۋە پەن-تېخنىكا پائالىيەتلىرىنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە مەركەزلەشكەن. بۇ ھال تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ باشقا دۆلەتلەرنىڭ تېخنىكا ۋە تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە تېزدىن يېتىشىۋېلىشىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇردى، "كېيىنرەك تەرەققىي قىلىدىغانلاردا بولىدىغان ئەۋزەللىك"نىڭ رولىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاجىزلىشىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا ئەگەر پەن-تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ئاڭلىق ۋە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا يۇقىرى كۆتۈرمەيدىغان بولسا، تېخىمۇ پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشى تۇرغانلا

كەپ.

ئالتىنچى، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئۆزگىرىشى، يەر شارى بويىچە ئومۇملىشىش ئىشى ئەمەلىيەتتە باشتىن-ئاخىر ئامېرىكىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئالغا ئىلگىرىلەپ كەلگەن. شۇڭا ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ئاسىيا پۇل مۇئامىلە داۋالغۇشىدا يېڭىباشتىن گەۋدىلىنىپ چىقتى. ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئامېرىكىنىڭ قايسى جەھەتلەردە ئۈستۈنلۈكى بار؟ بىرىنچىدىن، يۇقىرى تېخنىكىسى ۋەكىل قىلىنغان يۇقىرى پەن-تېخنىكا كەسىپلىرى ۋە ئۆزگەرتىلگەن ئەنئەنىۋى كەسىپلەر(ماشىنا، پولات-تۆمۈر قاتارلىقلار)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) . ئىككىنچىدىن، ئەمەلىيەتتە دۇنيا پۇلى بولغان ئامېرىكا دوللىرى. ئۈچىنچىدىن، تەخمىنەن 20 نەچچە تىرىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن پۇل مۇئامىلە مۈلكى. تۆتىنچىدىن، ئەمەلىيەتتە مۇھىم خەلقئارا پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ كونترول قىلىدىغان چوڭ خوجايىنى بولغانلىقى. بەشىنچىدىن، خەلقئارا ئىقتىسادتىكى پۈتۈن بىر يۈرۈش ”ئويۇن ئويناش قائىدىسى“ ئاساسىي جەھەتتىن ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتى ۋە غەربچە ئەندىزە بويىچە تۈزۈلگەن. ئالتىنچىدىن، پۈتۈن يەر شارىغا تارقالغان دۆلەت ھالقىغان پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇچۇر تورلىرى. يەتتىنچىدىن، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان، بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتقان پۇل مۇئامىلىسىنىڭ تۇغۇندى ۋاستىلىرى (قەرەللىك مال ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار) . سەككىزىنچىدىن، ئۇرغۇن دۆلەتلەردىن كەلگەن، ياش، ئەڭ يېڭى ”پۇل مۇئامىلە قۇرۇلۇشى“نى ئىگىلىگەن پۈتۈن بىر يۈرۈش كەسپىي خادىملارغا ئىگە بولغانلىقى. نەتىجىدە ئامېرىكا GDP سىنىڭ دۇنيا ئەللىرىنىڭ GDP ئومۇمىي يىغىندىسى ئىچىدە ئىگىلىگەن سالمىقى 1988- يىلىدىكى 25 پىرسەنتتىن ئېشىپ 1996-يىلىدىكى 27 پىرسەنتكە يەتتى، ئوخشاش شۇ مەزگىلدە ئامېرىكىنىڭ دۇنيا سودا سوممىسى ئىچىدە ئىگىلىگەن سالمىقى 12 پىرسەنتتىن 14 پىرسەنتكە كۆتۈرۈلدى. 1992-يىلىدىن بۇيان، ئامېرىكىنىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئېكسپورت دۆلىتى بولۇش ۋە دۇنيا بويىچە رىقابەت كۈچى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت بولۇش ئورنى يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلدى. (بۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەت بولغان ياپونىيە پۈتكۈل 80-يىللاردا ۋە 90-يىللارنىڭ باشلىرىدا ئامېرىكىغا چاك سېلىپ كۆپ مىقداردا مەبلەغ سالدى. نەتىجىدە 700 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى زىيان تارتتى، بۇ، ياپونىيىنىڭ پۈتكۈل 80-يىللاردا ئامېرىكا بىلەن بولغان سودىدا ئېرىشكەن ئاكتىپ بالانسىغا ئاساسەن تەڭ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۆپۈك ئىقتىسادى ۋەيران بولغاچقا، ياپونىيە ئىقتىسادىدا 10 تىرىليون ئامېرىكا دوللىرى زىيان بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى يۇقىرى پەن-تېخنىكا كەسىپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا تېخنىكا جەھەتتە خاتا يول تۇتۇلغانلىقى نەتىجىسىدە، ئورۇشتىن كېيىن مىسلىسىز ئۇزاققا سوزۇلغان ئېغىر چېكىنىش كېلىپ چىقتى)

يەتتىنچى، لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ئامېرىكىنىڭمۇ ئاجىزلىق تەرەپلىرى، جۈملىدىن يېڭىشكە قىيىن بولغان بىر قاتار ئېغىر ئاجىزلىق تەرەپلىرى بار.

سەككىزىنچى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، شەرقىي شىمالىي ئاسىيانىڭ بۇنىڭدىن كېيىن زادى قانداق بولىدىغانلىقىغا كەلسەك، ئۇنىڭغا يەنە قاراپ بېقىش كېرەك، قاراپ بېقىشتىن باشقا ئامالمۇ يوق. ئۇلار غەربتىكى بەزى ئەللەر 300 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ بېسىپ ئۆتكەن يولنى 30 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ بېسىپ ئۆتتى. بۇ جەرياندا ئازراقمۇ ئەگرى-توقايلىق بولمايدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ئىنتايىن زور ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان، ئىقتىساد ۋە پۇل مۇئامىلىسى يەر شارى بويىچە ئومۇملىشىۋاتقان، يەنە كېلىپ خەلقئارا ھايانكەشلىك كاپىتالى قۇتراتقۇلۇق قىلىۋاتقان شارائىتتا، ئەگرى-توقايلىقتىن ساقلىنىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. خەلقئارادا بەزىلەر ”شەرقىي ئاسىيا ئەندىزىسى“ شۇنىڭ بىلەن بەربات بولدى دەپ قارىماقتا. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭچە، بۇ قېتىمقى پۇل مۇئامىلە داۋالغۇشىدا شەرقىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدىكى خىلمۇخىل ئاجىزلىقلار ۋە سىياسىي چىرىكلىك جەھەتتىكى قاراڭغۇلۇقلارنىڭ ئاشكارىلىنىپ چىققىنى راست، لېكىن غەربنىڭ تەرەققىيات ئىقتىسادشۇناسلىقى (ئېكسپورتنى باشلامچى قىلغانىنىڭ ئۇستىگە ئىككى مەنبەلىك قۇرۇلمىنى يولغا قويۇش، ئىچكى بازار كىچىك بولۇش)نى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كەلگەنلىكى، يەنە كېلىپ يېقىنقى يىللار مابەينىدە پۇل مۇئامىلىسىنى ئەركىنلەشتۈرۈش دەيدىغان ”ئويۇن ئويناش قائىدىسى“نى شۇ پېتى تەتبىقلىغانلىقى بۇ دۆلەتلەر ئۈچۈن ئەڭ ئاچچىق ساۋاقنىڭ بىرىدۇر. ئۆزى مۇستەھكەم پۇت دەسسەپ تۇرالمىغان ئەھۋالدا، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا كۈچلۈك ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىنى قوللانماي، غەربنىڭ نەرسىسىنى شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كەلگەندىكىن، پۇل مۇئامىلە داۋالغۇشىدا ھە دېگەندىلا يىقىلىدىغان گەپ. شۇنىسى ھازىرغا قەدەر بۇ كرىزىس مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30-يىللىرى غەربتە كەڭ كۆلەمدە كاساتچىلىق يۈز بەرگەندىكىدەك ئېچىنىشلىق دەرىجىگە بېرىپ يەتمىگەن بولسا كېرەك. ھازىرقى مەسىلە شۇكى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ دۆلەتلەر ھەم دۇنيا ئىقتىسادىنى يەر شارى بويىچە ئومۇملاشتۇرۇش ئىشىغا ئاكتىپ قاتنىشىدىغان، ھەم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي بىخەتەرلىكىنىڭ دەخلى-تەرۇزسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغان يولنى بەرپا قىلالامدۇ-يوق، بۇ ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق. ئەھۋالنىڭ قانداق ئۆزگىرىشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ئۇلارنىڭ ئەگرى-توقايلىقلارنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، يېڭىباشتىن ئۆزىنى ئوڭشاپ تەرەققىيات يولىغا قەدەم تاشلىشىنى چىن كۆڭلىمىز-دىن ئۈمىد قىلىمىز.

تۇققۇزىنچى، ئامېرىكا ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈكىنىڭ يېڭىباشتىن تىكلەنگەنلىكى سەۋەبى بىلەن، بىزنىڭ دۇنيا كۆپ قۇتۇپلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى دېگەن ھۆكۈمىمىز ئاقماس بولۇپ قالدىمۇ؟ مېنىڭچە، بۇ ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەس. بۇ يەردە باشقىسىنى دېمەي، بىرلا ئىشنى تىلغا ئالساق كۇپايە، ياۋروپا ئەللىرى بىرلەشمىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە باشلىقلار يىغىنى كېلەر يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى ياۋروپا بىرلىككە كەلگەن پۇلى— ياۋروپا دوللىرىنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى رەسمىي قارار قىلدى، دېمەك بۇ— دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشقا ۋە رايونلار ئىگىلىكىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشكە قاراپ يەنىمۇ راۋاجلانغانلىقىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى. ھازىر ئامېرىكا دوللىرى دۇنيا پۇل سىستېمىسىدا مونوپول ئورۇننى ئىگىلەپ تۇرماقتا، خەلقئارا پۇل مۇئامىلىسى ۋە خەلقئارا سودىدا ئامېرىكا دوللىرىنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى 60 پىرسەنتكە يېتىپ، دۇنيانىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ۋە سودا ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن ئەمەلىي سالمىقىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. 1996-يىلى، ياۋروپا ئەللىرى بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 8 تىرليون 400 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، دۇنيا ئىگىلىكى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 31 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان، ئامېرىكىنىڭ مۇشۇ ئىككى جەھەتتىكى سانى 7 تىرليون 200 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى ۋە 27% بولغان. كېلەچەكتە ياۋروپا دوللىرى رايونىنىڭ تاشقى پېرېۋوت زاپىسى 320 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ، ئامېرىكىنىڭ تاشقى پېرېۋوت زاپىسى بولسا ئاران 64 مىليارد، دېمەك

ياۋروپا دوللىرى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ياۋروپانىڭ تاشقى كرىزىسكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئامېرىكىنىڭـ
ـكىدىن كۈچلۈك بولۇشى مۇمكىن. مۇنداق بىر خىل مۆلچەر باركى، بىر مەزگىللىك ئۆتكۈنچى دەۋردىن
كېيىن، خەلقئارا پۇل مۇئامىلە بازىرىدا ھەر خىل پۇللارنىڭ سالمىقى مۇنداق بىر خىل ھالەتتە مۇقىملىشىپ
قېلىشى مۇمكىن: ئامېرىكا دوللىرى %40–%50نى ئىگىلەيدۇ، ياۋروپا دوللىرى %30–%40نى ئىگىلەيدۇ،
ياپونىيە يىنى بىلەن باشقا پۇللار قالغان سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مۇبادا بۇ ھالەت شەكىللەنسە، ياۋروپا دوللىرى
ئامېرىكا دوللىرىنىڭ كۈچلۈك رەقىبىگە ئايلىنىدۇـدە، ئامېرىكا دوللىرى بىلەن ياۋروپا دوللىرىدىن ئىبارەت
ئىككى قۇتۇپنى يېتەكچى قىلغان، كۆپ قۇتۇپلىششقا قاراپ تەرەققىي قىلىدىغان خەلقئارا پۇل سىستېمىسى
شەكىللىنىدۇ. ياۋروپا مەبلىغى ياۋروپا ئەللىرىدىن باشقا ئەللەرگە كۆپلەپ كىرىدىغانلا بولسا، شۈبھىسىزكى،
پۈتكۈل خەلقئارا پۇل مۇئامىلە بازىرىدا يەنە بىر زور ئۆزگىرىش ئاملى پەيدا قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، 11 دۆلەتكە
چېتىلىدىغان، بىرلىككە كەلگەن پۇلنىڭ ئۆز مۇقىملىقىنى ساقلاپ قېلىش-قالالماسلىقى، ئاخىرقى ھېسابتا،
شۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىگە باغلىق، يەنە كېلىپ سىياسىي بىرلەشمە بولمىسا، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ
ئالاقىدار بولغان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي سىياسەتلىرى ماسلاشتۇرۇلمىسا ۋە ئىسلاھ قىلىنمىسا، يەنە قاتتىق
توسالغۇغا دۇچ كېلىدۇ. لېكىن، ئومۇمىي جەھەتتىن شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، پۇلى بىر خىللاشقان،
كۈچى زورايغان، بىرلەشكەن ياۋروپا 21-ئەسىرنىڭ ئۇپۇق سىزىقىدا پەيدا بولىدۇ، شۈبھىسىزكى، بۇ دۇنيانىڭ
كۆپ قۇتۇپلىششقا قاراپ راۋاجلىنىشىدىكى كاتتا ئىش.

ئۈچىنچى، يىغىپ ئېيتقاندا، دۇنيا ئىگىلىكى ئومۇمىيلىقىدىكى بۇنداق خىلمۇخىل زور يۈزلىنىشلەر ۋە
چوڭقۇر قاتلامدىكى بىر قاتار زىددىيەتلەرنىڭ تولىمۇ گەۋدىلىك بىر ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ ئىككى ياقلىملىق
تەرەققىياتىدا ئىپادىلىنىدۇ. پايدىسىز تەرەپ بىلەن پايدىلىق تەرەپ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ، ئىككى ياقلىملىقنى
شەكىللەندۈرىدۇ. ئىقتىساد بىلەن پۇل مۇئامىلىسىنىڭ ئۈچۈرلىشىشى ۋە يەر شارى بويىچە ئومۇملىششى
ھەم مەبلەغنىڭ يۈرۈشۈشىگە، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا زور پايدىلىق شارائىت ياراتتى، ھەم دۇنيا ئىگىلىكى
تارىخىدا مىسلىسىز زور كۆلەمدە ۋە يورۇقلۇق تېزلىكىدە يۈرۈشۈپ تۇرىدىغان ئاپەت كەلتۈرگۈچى كۈچنى
ھاسىل قىلدى؛ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يەر شارى بويىچە ئومۇملىششى ۋە كەسىپلەرنىڭ يەر شارى مىقياسىدا
يۆتكىلىپ تۇرۇشى ھەم تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى، ھەم
كەڭ كۆلەمدە قۇرۇلمىنىڭ ئوخشاشلىقىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ ئوشۇقلۇقىنى كەلتۈرۈپ چىقار-
دى. دېمەك، بۇلار ھەم ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋە گۈللىنىشىگە پۇرسەت ئېلىپ كېلىدىغان
مۇھىم شارائىت، ھەم ئاسىيادا بۇ قېتىمقى پۇل مۇئامىلە داۋالغۇشىدىن ئىبارەت بالايىئاپەتنى پەيدا قىلغان
مۇھىم ئاساستۇر. قارىغاندا، بۇنداق ئىككى ياقلىملىق تەرەققىيات پايدىسىز تەرەپ بىلەن پايدىلىق تەرەپنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا يەنە ئۇزاق مۇددەت داۋاملىشىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئالدى بىلەن پۇرسەت ناھايىتى
زور، جۈملىدىن بۇنىڭدىن كېيىن ھەتتا مىسلى كۆرۈلمىگەن زور يېڭى پۇرسەت تۇغۇلۇشى مۇمكىن، بىز
بۇنداق پۇرسەتنى يىقىندىن كۆزىتىپ، ماھىرلىق بىلەن ئىگىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەرەققىي
تاپقان غەرب ئەللىرى ئىقتىساد، پەن-تېخنىكىدا زور ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان(بۇنداق ئۈستۈنلۈك
تېخىمۇ كۈچىيىۋاتىدۇ) كۈچ سېلىشتۇرمىسى شارائىتىدا، پۇرسەت يار بەرسىلا، بۇ ئىككى ياقلىملىق پاسسىپ
جەھەتتىن، ئىنتايىن قاتتىق ھەتتا بىر مەيدان ئۇرۇشنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشكىدەك ۋەيران قىلىش كۈچىنى

ئېپادىلەيدۇ. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتىمەنكى، ئىقتىسادنىڭ يەر شارى بويىچە ئومۇملىشىش جەريانىدا، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەر تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ ئىقتىساد، تېخنىكا جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن كېلىدىغان بېسىمغا ئۇچراش بىلەنلا قالماستىن، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى جەھەتتىمۇ خىرىسقا ئۇچرايدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزدىن كاللىمىزنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تېخىمۇ سەگەك تۇتۇشنى ھەمدە ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكا جەھەتتىن پۈتۈن بىر يۈرۈش تەدبىرلەرنى تەييارلاپ قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

(6) ئاسىيا پۇل مۇئامىلە داۋالغۇشى ئالدىدا مەملىكىتىمىزنىڭ تەۋرەنمەي مۇستەھكەم تۇرۇپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتالىشى ھەرگىز تەسادىپىي ئەمەس. بۇ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى جۇملىدىن 14-قۇرۇلتايدىن بۇيانقى 20 يىلدا ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك ئامىللارنىڭ ئۇنۇمۇلۇق نەتىجىسى.

بىرىنچى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۇەن ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنىڭ يۆنىلىشى ۋە سالمىقىنى توغرا ئىگىلىگەنلىكى ئۈچۈن "سىلىق تەڭشەش" ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

ئىككىنچى، يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىشنى خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىندى.

ئۈچىنچى، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئىشى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، ئاساسىي مۇئەسسەسە ۋە ئاساسىي سانائەتنىڭ "بوغۇش" تەسىرى روشەن ئاجىزلىدى.

تۆتىنچى، بازاردىكى تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ مۇناسىۋىتىدە ساتقۇچىلار بازىرىدىن سېتىۋالغۇچىلار بازىرىغا بۇرۇلۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، بازارنىڭ مۇقىملىقى ساقلاپ قېلىندى.

بەشىنچى، پۇل مۇئامىلىسىدىن ئىبارەت بۇ يادرو چىڭ تۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش ئىقتىدارىمىز روشەن كۈچەيدى. ھازىر دۆلەتنىڭ ئاشلىق زاپىسى يېتەرلىك، تاشقى پېرېۋوت زاپىسى زور ھەجىمدە ئاشتى، پىلان، پۇل مۇئامىلىسى ۋە مالىيە ئۆزئارا ماسلىشىدىغان ۋە تەڭ كۈچ چىقىرىدىغان ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش سىستېمىسىنىڭ رامكىسى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىندى.

ئالتىنچى، بازارنىڭ بايلىقنى تەقسىملەشتىكى ئاساسلىق رولى بارغانسىرى كۈچەيگەنلىكى ئۈچۈن، مۇتلەق كۆپ ساندىكى تاۋارنىڭ باھاسى بازار ئارقىلىق شەكىللىنىدىغان بولدى.

يەتتىنچى، ئۇچۇق ئىگىلىك دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. ئىمپورت-ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى جەھەتتىكى بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، خەلق پۇلى دائىملىق تۈرلەردە ئېگىشكىلى بولىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۇل مۇئامىلە بازىرىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ تەرەققىياتىمۇ مۇۋاپىق ئىگەللەندى.

سەككىزىنچى، "ئىقتىسادنىڭ يۇكسىلىش نىسبىتى يۇقىرى، پۇلنىڭ پاخاللىشىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇش"تەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامدىكى سەۋەبتىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرا يولغا ماڭغانلىقىمىز، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى ئورۇنغا قويغانلىقىمىز، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇق-

ىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇستەھكەم رەھبەرلىكى بولغانلىقى بۇنىڭ تۈپ سەۋەبىدۇر. بۇ ھەقىقەتنىمۇ بىزنىڭ يۈلەنچۈكىمىز! جۇڭگونىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇزاق مۇددەتكىچە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرىدىغانلىقىدا، ئىقتىساد، مەدەنىيەتتە تەرەققىي تاپمىغان ھالەتتە تۇرىدىغانلىقىمىزنىڭ يەنىلا ئۇزاق مۇددەتكىچە دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى بولىدىغانلىقىدا شەك يوق. لېكىن، بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ پارلاق يولىنى تاپتۇق، خېلى پۇختا ئىقتىسادىي ئاساسنى ۋە پەن-مەدەنىيەت كۈچىنى ھاسىل قىلدۇق، ئېلىمىزنىڭ ئىچكى-تاشقى جەھەتتە ئېشىكنى ئېچىۋېتىشكە ۋە ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بولغان قىزغىنلىقى ئالاھىدە يۇقىرى، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ بىرلىككە كەلگەن كاپالەتلىك قىلىدىغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلماقتىمىز، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى ئۈزلۈكسىز ئاشماقتا. بىز 20 يىلدىن بېرى مۇنداق بىر يۈرۈش ئىشلارنى قىلدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ۋە سىياستى مۇقىم داۋام قىلىپ كەلدى. 15-قۇرۇلتاي تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلدى. پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكىلەرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، پۇل مۇئامىلىسى مەسىلىسىدە بۇنىڭ ئۆزى ئەڭ يۇقىرى ئىناۋەت ئەمەسمۇ!

ئەمەلىيەتتە يەنە مۇنداق بىر سەۋەبمۇ بار، دۆلىتىمىز بىر چوڭ دۆلەت، بىز ئۆزىمىز پۈت دەسسەپ تۇرالىساقلا، بىزدىكى غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە ئىچكى بازار (بۇنى "جۇغراپىيىلىك ئىگىلىك" دېيىشكە بولىدۇ) نى ۋە بىزنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورنىمىز (بۇنى "جۇغراپىيىلىك سىياسەت" دېيىشكە بولىدۇ) نى دۇنيادىكى ھەرقانداق كۈچ نەزەرگە ئالماي تۇرالمايدۇ. بۇ ھال شۇنىمۇ چۈشەندۈرىدۇكى، ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسى مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى، مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى شۇكى، مەيلى "جۇغراپىيىلىك ئىگىلىك" جەھەتتە بولسۇن ياكى "جۇغراپىيىلىك سىياسەت" جەھەتتە بولسۇن، بىزدە ئىمكانىيەت ناھايىتى زور. شۇڭا بىزنىڭ جۇڭگونىڭ ئاسىيا پۇل مۇئامىلە داۋالغۇشىدا تەۋرەنمەي تۇرالىشى ھەرگىز تەسادىپىي ئەمەس، دېگىنىمىز بىكار گەپ ئەمەس. بىزنىڭ ئىشەنچىمىز تولۇق ئاساسقا ئىگە.

(7) ئەلۋەتتە، بىزدە يا ئۇنداق، يا بۇنداق مەسىلىلەرمۇ يوق ئەمەس. خۇددى پارتىيە 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك: "ئەڭ نېگىزلىكى مەملىكەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، خەۋپ-خەتەرگە بەرداشلىق بېرىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت." بۇ قېتىمقى پۇل مۇئامىلە داۋالغۇشىنىڭ زەربىسىگە تاقابىل تۇرالىشىمىز 20 يىللىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش جەريانىدا شەكىللەنگەن ئاساسىمىزنىڭ بىزنى خەۋپ-خەتەرگە بەرداشلىق بېرىش ۋە تاقابىل تۇرۇش جەھەتتە خېلى زور ئىقتىدارغا ئىگە قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. لېكىن، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز زۆرۈركى، بىزنىڭ يەنە نۇرغۇن ئاجىزلىقلىرىمىز بار، بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارىمىز تېخى يېتەرلىك ئەمەس. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىمىزنى ئېگىز كۆتۈرۈشتە قانچىكى چىڭ تۇرغانسېرى، ئىقتىسادىمىز قانچىكى ئىزچىل راۋاجلانغانسېرى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىز قانچىكى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشقانسېرى، دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىمىز، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىز ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش ئىشىمىز قانچىكى كۈچەيگەنسېرى، بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارىمىز شۇنچە كۈچىيىدۇ. قىسقىسى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتا چىڭ تۇرۇپ، داۋاملىق يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، خەۋپ-خەتەرگە بەرداشلىق بېرىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىمىزنى ئۈزلۈكسىز

كۆچەيتىدىغانلا بولساق، چوقۇم يېڭىلمەس ئورۇندا پۇت دەسسەپ تۇرالايمىز. 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2-ئومۇمىي يىغىنىدا تەكىتلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان "خەۋپ-خەتەرگە بەرداشلىق بېرىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش" لازىم دېگەن كۆزقاراش ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتلىك زور ئىستراتېگىيىلىك كۆزقاراشتۇر. بۇ كۆز قاراش ئەمەلىيەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ 15-قۇرۇلتايدىن كېيىنكى، بولۇپمۇ بۇ يىلدىن بۇيانقى بىر قاتار چوڭ-چوڭ تەدبىرلىرى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈلدى، ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق تونۇش ۋە خىزمەتلەردە داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇلىدۇ.

(8) "خەۋپ-خەتەرگە بەرداشلىق بېرىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش" لازىم دېگەن بۇ زور ئىستراتېگىيىلىك كۆزقاراشنى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1988-يىلىلا "خەۋپ-خەتەرگە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى" مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى "ئون يىلدىن بۇيان جۇڭگودا خۇشاللىنارلىق تەرەققىياتلار بولدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى، خەۋپ-خەتەرگە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىمىز مۇئەييەن دەرىجىدە ئاشتى." 1990-يىلىنىڭ ئاخىرى يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش قانچە ئىلگىرىلىگەنسېرى، خەۋپ-خەتەرگە بەرداشلىق بېرىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىمىز شۇنچە ئاشىدۇ." بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان تۈرلۈك خەۋپ-خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن سەگەكلىك بىلەن تەييارلىق كۆرۈپ قويۇش فاڭجېنى دەل يولداش دېڭ شياۋپىڭ قايتا-قايتا تەكىتلىگەن فاڭجېن، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىكى بىر زور ئىستراتېگىيىلىك كۆزقاراشتۇر. "سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش"، "سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇش"، "خەۋپ-خەتەرگە بەرداشلىق بېرىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش" دېگەن كۆزقاراشلارنىڭ چوڭقۇر ئىچكى باغلىنىشى بار. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھازىرقى پۈتۈن بىر يۈرۈش توغرا فاڭجېنلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تەتبىقلىغانلىقى ۋە راۋاجلاندۇرغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى ئەكس ئەتتۈردى. ئىچكى خىزمەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پۈتۈن بىر يۈرۈش فاڭجېن تۈزۈپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىيلىققا ئەڭ مۇناسىۋەتلىك بولغىنى ئىككى چوڭ مەسىلە (دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا). تاشقى خىزمەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇنىڭدىمۇ پۈتۈن بىر يۈرۈش فاڭجېن تۈزۈپ چىقىلدى، بۇ تۆۋەندىكىچە: ئىقتىساد يەر شارى بويىچە ئومۇملىشىۋاتقان شارائىتتىكى خەلقئارا ھەمكارلىق بىلەن رىقابەتكە قاتنىششقا ھەم جۈرئەت قىلىش ھەم ماھىر بولۇش؛ ھەم ئۇنىڭ ئىچىدىكى پايدىلانغىلى بولىدىغان تۈرلۈك پايدىلىق شارائىت ۋە پۇرسەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىش، ھەم ئۇنىڭ ئېلىپ كېلىش ئېھتىمالى بولغان تۈرلۈك پايدىسىز تەسىر ۋە خەۋپ-خەتەرلەرنى سەگەكلىك بىلەن تونۇش ۋە ۋاقتىدا چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىش؛ ھەم ئۆز كۈچىگە تايىنىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش، ھەم ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشنى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، چەت ئەل مەبلىغىدىن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىش، چەت ئەل مەبلىغىدىن ئاكتىپ، ئەقىلغە مۇۋاپىق، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى "ئۇزاقىچە چىڭ

تۇرۇش شەرت بولغان يېتەكچى فاكجىن» قىلىش. يىغىپ ئېيتقاندا، بىز دۇنيا مىقياسىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىنى، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ يەر شارى بويىچە ئومۇملىششىنىڭ ئىككى ياقلىمىلىقىنى، ھەر تەرەپلىمىلىك زىددىيەتلەرنى سەگەكلىك بىلەن مۆلچەرلىسەكلا، مەركەزنىڭ فاكجىنلىرىنىڭ پۈتۈنلەي توغرىلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. بىزنىڭ تۈرلۈك خەۋپ-خەتەر ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ سىنىقى ئالدىدا، جۈملىدىن ئاسىيا پۇل مۇئامىلە داۋالغۇشىدەك غايەت زور خەۋپ-خەتەر ئالدىدا يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالىشىمىزنىڭ تۈپ كاپالىتىمۇ دەل شۇنىڭدىن ئىبارەت.

## 3. 15-قۇرۇلتاينىڭ ئىدىيەدە ئازاد بولۇش ئۇلۇغ مۇساپىسىدىكى تارىخىي ئورنى ۋە جەڭگىۋار ئەھمىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇش لازىم

(9) بىز خەلقئارادىكى ئومۇمىلىق ۋە مەملىكىتىمىزدىكى ئومۇمىلىقتا بولۇۋاتقان يېڭى تەرەققىيات، يېڭى ئۆزگىرىشلەر ئالدىدا، يېڭى ئەسىردىكى پۇرسەت ۋە سىناق ئالدىدا، ئىدىيەدە ئازاد بولۇش ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھىنى تېخىمۇ ياخشى داۋاملاشتۇرۇشىمىز ۋە جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. دەل شۇنداق بولغاچقا، 15-قۇرۇلتاينىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋردىكى ئىدىيەدە ئازاد بولۇش ئۇلۇغ مۇساپىسىدە تۇتقان تارىخىي ئورنىنى ۋە ئۇنىڭ جەڭگىۋار ئەھمىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم.

(10) 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى 20 يىللىق تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئىدىيەدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پارتىيىمىزنىڭ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئەڭگۈشتەردۇر. بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، ئىدىيەدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش كېرەك، ئۇنى ھەرگىزمۇ بىر قېتىمدىلا تاماملىغىلى بولمايدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ھەرقانداق بىلىش ھەرىكىتىدە، سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپ، بىلىش بىلەن ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت نىگىزلىك زىددىيەت سۈپىتىدە مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ بىلىشىمۇ سۇبيېكتىپنى ئۈزلۈكسىز ھالدا ئوبيېكتىپقا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، بىلىشنى ئۈزلۈكسىز ھالدا ئەمەلىيەتكە ماسلاشتۇرۇش جەريانىدىلا پەيدىنپەي چوڭقۇرلىشىپ، ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ راۋاجلىنىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق بىر خىل بىلىش جەريانى ھېچقاچانمۇ ئۈگۈشلۈق بولىۋەرمەيدۇ. يېڭى بىلىشنىڭ شەكىللىنىشى ھەمىشە ھازىرقى ئەھۋالغا قانائەتلىنىدىغان ئادەت خاراكتېرلىك پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ۋە ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالغان تۈرلۈك سۇبيېكتىپ بىر تەرەپلىمە قاراشلارنىڭ توسقۇنلۇقى ياكى كاشىلىسىغا يولۇقىدۇ، دېمەك، توسقۇنلۇقلارنى ئۈزلۈكسىز يېڭىپ، بىلىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاسان ئىش ئەمەس. بۇ ئومۇمىي بىلىش ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيىتى نۇقتىسىدىن ئېيتىلغان.

پارتىيىمىز نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، بۇ مەسىلە تېخىمۇ مۇھىم. پارتىيىمىزنىڭ بىر ئارتۇقچىلىقى بار، ئۇ بولسىمۇ يېتەكچى ئىدىيىمىز بولغان ئىلمىي نەزەرىيىگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت، بۇ بىزنىڭ كوممۇنىستىك ئۇلۇغۋار غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا ھەر بىر قەدەم تاشلىغاندا

ئالدىن كۆرەلىككە ئىگە بولۇپ، قارىغۇلۇقنى ئازايتىشىمىزغا پايدىلىق. لېكىن، بۇ ئەينى ۋاقىتتا يەنە بىر تەرەپتىكى مەسىلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنى، يېتەكچى نەزەرىيىنى ئىلمىي ھالدا ئۆزلەشتۈرمەي ۋە ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلماي، ئۇنى دوگمىلاشتۇرىدىغان، قاتماللاشتۇرىدىغان ۋە شەكىللۋازلاشتۇرىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا بىزنىڭ تونۇشىمىز ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان ئەمەلىيەتتىن ئارقىدا قالىدۇ ھەتتا ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالىدۇ، ئەمەلىيەتنى تېخىمۇ كۈچلۈك ھالدا ئىلگىرى سۈرەلمەيدۇ. ئەينى يىللاردا يەنئەندىكى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ”پارتىيە ئىچىدە ئاقارتىش ھەرىكىتىنى قوزغاپ، يولداشلىرىمىزنى روھىي جەھەتتە سۇبيېكتىپچىلىق ۋە دوگمىچىلىقنىڭ غەپلەتلىرىدىن ئازاد قىلىشىمىز لازىم“ دەپ چاقىرغانلىقى دەل شۇنداق ئەھۋالغا قارىتىلغان. ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش داۋامىدا ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش داۋامىدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىگە رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى قوللاش داۋامىدا پارتىيىنىڭ بۇ ئۇزۇل-كېسىل ماتېرىيالىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەننىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ پارتىيىمىزنىڭ ھاياتىي كۈچى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرىدەك چوڭ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر كۆرسىتىپ بەردى. شۇڭا، پارتىيىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى، پارتىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن، چوقۇم ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇشىمىز ھەمدە ئىزچىل چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

(11) ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېڭى زور تارىخىي پەيتلەردە بۇ مەسىلە ئادەتتىن تاشقىرى گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ، شۇڭا ئۇنى تېخىمۇ گەۋدىلىكرەك تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇ. 20 يىلدىن بۇيان، بىز مۇشۇ ئەڭگۈشتەرگە تايىنىپ، ھەر قېتىملىق زور تارىخىي پەيتلەرنىڭ قاتتىق سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ كەلدۇق. زور تارىخىي پەيت دېگىنىمىز پارتىيىمىز قاتتىق سىناققا دۇچ كەلگەن تارىخىي پەيت دېمەكتۇر. پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدىكى، ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىز جۇڭگو قايسى يولغا ماڭىدۇ دېگەن زور تارىخىي پەيتكە يۈزلەنگەن؛ 80-يىللارنىڭ ئاخىرى، 90-يىللارنىڭ باشلىرىدا، بىز يەنە خەلقئارا ۋە ئىچكى سىياسىي ۋەقەلەرنىڭ قاتتىق سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىشتەك زور تارىخىي پەيتكە يۈزلەنگەن. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ 1978-يىلىدىكى «ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا قاراش كېرەك» دېگەن نۇتقى ۋە ئۇنىڭ 1992-يىلى جەنۇبتا سۆزلىگەن سۆزى مۇشۇ ئىككى تارىخىي پەيتتە ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىش ھەققىدە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئېلان قىلىنغان ئىككى خىتابنامىدۇر. بۇ ئىككى مۇھىم ھۆججەتنىڭ نەقەدەر زور ئازاد قىلىش رولىنى ئوينىغانلىقىنى، نەقەدەر زور تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن ۋە ھېس قىلغان.

(12) 1997-يىلى 15-قۇرۇلتاي ئېچىلىشنىڭ ئالدىدا، پارتىيىمىز يەنە يېڭى زور تارىخىي پەيتكە، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، يېڭى دەۋردىكى ئۈچىنچى زور تارىخىي پەيتكە يۈزلەندى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن، جۇڭگونىڭ قانداق بايراقنى كۆتۈرۈش، قايسى يولغا مېڭىش سىنىقى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئاتاكا قىلىش

باسقۇچىغا قەدەم قويغاچقا، تەرەققىيات ھالقىلىق پەيتتە تۇرغاچقا، چوڭقۇر قاتلاملىق تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ھەل قىلىش، ئىدىيە، نەزەرىيە جەھەتتىكى تۈرلۈك شۇبھىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش زۆرۈر ئىدى. مۇشۇنداق زور تارىخىي پەيت ئالدىدا، جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە 15-قۇرۇلتاي دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنى ۋە سىياسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى بىر قاتار يېڭى ئىلمىي ھۆكۈم ۋە چوڭ-چوڭ تەدبىرلەرنى بەلگىلەپ چىقتى، ھەممە ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلى مەسىلىسىنى كەسكىن ھالدا ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن، ئىدىيىدە ئازاد بولۇشنى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈشتە يېڭى مەنزىل ئېچىلدى. بولتۇر 5-ئاينىڭ 29-كۈنى يولداش جياڭ زېمىننىڭ 15-قۇرۇلتايغا ئىدىيە، نەزەرىيە جەھەتتىن تەييارلىق كۆرۈپ قويۇش يۈزىسىدىن، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىجابىي تەسىرىنى پەيدا قىلغانلىقى، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ 15-قۇرۇلتايغا نەقەدەر كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، 15-قۇرۇلتاينىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلغانلىقىدىن نەقەدەر خۇشال بولغانلىقى ۋە ھاياجانلانغانلىقى— مانا بۇلارنىمۇ ھەممىمىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن ۋە ھېس قىلغان. خۇددى 15-قۇرۇلتاينىڭ مۇناسىۋەتلىك قارارىدا كۆرسىتىلگەندەك، يولداش جياڭ زېمىننىڭ 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتقا ۋەكالىتەن بەرگەن دوكلاتى ”پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى باشلاپ يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويۇشتىكى سىياسىي خىتابنامە ۋە ھەرىكەت پروگراممىسىدۇر“. پارتىيە تارىخىدا، 15-قۇرۇلتاي ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. يېڭى دەۋردىكى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ئۇلۇغ مۇساپىسىدە، 15-قۇرۇلتاي ئالاھىدە زور رولنى جارى قىلدۇردى ۋە داۋاملىق جارى قىلدۇرىدۇ.

(13) تەپسىلىيرەك قىلىپ ئېيتقاندا، 15-قۇرۇلتاينىڭ يېڭى دەۋردىكى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ئۇلۇغ مۇساپىسىدە قانداق تۆھپىلىرى بار؟ بىرىنچىدىن، بايراق مەسىلىسىدە، پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى دېگەن بۇ ئىلمىي ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويغان ئاساستا، ئۇنى پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى سۈپىتىدە پارتىيە نىزامنامىسىگە كىرگۈزدى. بۇ، بۇ قېتىمقى يېڭى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي پروگراممىسى مەسىلىسىدە، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشقا دائىر بىر قاتار چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر-دە، پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى دەۋر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، بىر قاتار يېپيېڭى نەزەرىيىۋى ھۆكۈم ۋە چوڭ-چوڭ تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى. ئۈچىنچىدىن، ماركسىزمچە كەڭ نەزەر مەسىلىسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. بىزدىن ھەم دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىش، ھەم دۇنيادىن خەۋەردار بولۇشنى تەلەپ قىلدى. تۆتىنچىدىن، پۈتۈن پارتىيىنى بايراق مەسىلىسىدە تونۇشنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشقا دائىر بىر قاتار چوڭ-چوڭ مەسىلىلەردىكى مۇجمەل تونۇش ۋە خاتا كۆزقاراشلارنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. بەشىنچىدىن، 15-قۇرۇلتاي يەنە مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: ”دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش، بۇ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت داۋامىدا مەزمۇنغا داۋاملىق بېيىتىش ۋە ئىجادكارلىق بىلەن داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش— پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىك

كوللېكتىپنىڭ ۋە پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ كاتتا تارىخىي مەسئۇلىيىتى.» بۇ ئوخشاشلا پۈتۈن پارتىيىنى داۋاملىق ھالدا ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش يولىنى تۇتۇشقا چاقىرغانلىق.

(14) ئەلۋەتتە، 15-قۇرۇلتاينىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش مۇساپىسىدىكى ئورنى ۋە ئەھمىيىتىگە نىسبەتەن، بىز تېخى ئۇنى يېتەرلىك دەرىجىدە تونۇپ يەتتۇق، دېيەلمەيمىز. 15-قۇرۇلتاينىڭ ئالدى-كەينىدە يۈز بەرگەن ئاسىيا پۇل مۇئامىلە داۋالغۇشىنىڭ تەسىرى، شۇنداقلا دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ يەر شارى بويىچە ئومۇملىشىش دولقۇنىنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشى بۇنىڭدىن كېيىنكى رېئال تۇرمۇشتا ئالدىنقىلار تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان دەرىجىدە كەسكىن ۋە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان يېڭى ئەسىردىكى مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان ۋە مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان تۈرلۈك يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلە، يېڭى سىناقلار ئالدىدا، كونا قائىدىلەرگە ئېسىلىۋالساق، مۇقەررەر ھالدا پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويىمىز، مۇتەئەسسىپلىكتىن ئارقىدا قېلىشتىن باشقا نەتىجە چىقمايدۇ. بىز ھەرقانداق ئىشنى بىلىشتە ۋە ھەرقانداق خىزمەتنى ئىشلەشتە، پەقەت دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەندىلا، ئاندىن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، خېيىم-خەتەرنى يېڭىپ، ئۆزىمىزنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرالايمىز. ئىشىنىمىزكى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە ئەمەلىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، كەلگۈسىدە 15-قۇرۇلتايغا قايتىدىن نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ يېڭى دەۋردىكى ئىدىيە ئازاد بولۇش ئۇلۇغ مۇساپىسىدىكى تارىخىي ئورنى ۋە جەڭگىۋار ئەھمىيىتىنى چوقۇم تېخىمۇ ئوچۇق ۋە چوڭقۇر تونۇپ يېتەلەيمىز.

(15) 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇگۈنگىچە بولغان 20 يىلغا قارايدىغان بولساق، ئۈچ چوڭ تارىخىي پەيت ئارقىلىق، پارتىيىمىز ئىدىيىدە ۋە نەزەرىيە جەھەتتە قازانغان ئەڭ قىممەتلىك ئىككى چوڭ نەتىجە: بىرى، ئىدىيىۋى لۇشيەن، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتە، ئۆگىنىش بىلەن ئۆز ئالدىغا ئىجاد قىلىش، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش بىلەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش بىرلەشتۈرۈلگەن. يەنە بىرى، بىزنىڭ مەركىزىي تېمىمىز باشتىن-ئاخىر يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ”سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك“ دېگەن مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتىن چەتلەپ كەتمىدى. ھەممىدىن مۇھىم ئاساسىي نەزەرىيىۋى مەسىلە يىغىنچاقلاپ چىقىلىپ، مەھكەم تۇتۇلدى، ھەمدە ئىزچىل ھالدا ئەمەلىيەتكە، خەلقئارادىكى ئومۇمىيلىق بىلەن مەملىكىتىمىزدىكى ئومۇمىيلىققا زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، بىر ئاساسىي لىنىيە سۈپىتىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىگە سىڭدۈرۈلۈپ، پۈتۈن پارتىيىمىزنىڭ ھازىرقى جۇڭگودىكى ئاساسىي مەسىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سوتسىيالىزمنىڭ قىياپىتى پۈتۈنلەي يېڭىلاندى. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى مەسىلىسىدىكى زور بۆسۈش سوتسىيالىزم ھەققىدىكى كۆزقاراشلاردا بىر قاتار زور بۆسۈشلەرنى ھاسىل قىلدى. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: ”سوتسىيالىزمنى مۇشۇنداق چۈشىنىش ئاساسىدا ئۆزىمىز مېڭىشقا تېگىشلىك يولنى ئىزدەيمىز. بۇ، سىياسىي ساھە، ئىقتىسادىي ساھە، مەدەنىيەت ساھەسى قاتارلىق ھەممە جەھەتتىكى مەسىلىلەرگە

چېتىلىدۇ.» مەسىلەن: سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى زىددىيەت مەسىلىسى ھەققىدىكى چوڭ بۆسۈش؛ سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى مەسىلىسى ھەققىدىكى چوڭ بۆسۈش؛ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى مەسىلىسى ھەققىدىكى چوڭ بۆسۈش؛ سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈلمە مەسىلىسى ھەققىدىكى چوڭ بۆسۈش؛ سوتسىيالىستىك ئىككى چوڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مەسىلىسى ھەققىدىكى چوڭ بۆسۈش؛ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى ھەق-ناھەقنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى ھەققىدىكى چوڭ بۆسۈش، ۋەھاكازالار. مۇشۇ ئاساستا پۈتۈن بىر يۈرۈش ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش، پۈتۈن بىر يۈرۈش نەزەرىيە، لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر بارلىققا كېلىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى بولۇپ شەكىللەندى.

(16) بىز «پۈتۈن بىر يۈرۈش» دېيىش بىلەن بىرگە، «سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك» دېگەن بۇ ئەڭ مۇھىم ئاساسىي نەزەرىيىۋى مەسىلە ئۈستىدىكى بىلىشىمىزنىڭ تاماملىنىشتىن يىراق ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ ئۆتۈشىمىز كېرەك. بۇ بىلىشىمىز بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلىيەت داۋامىدا، يېڭى ئەسىردىكى ئۇلۇغ ئەمەلىيەت داۋامىدا، ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى بولغان ئەمەلىيەت تەرىپىدىن داۋاملىق سىنىلىدۇ، داۋاملىق چوڭقۇرلىشىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. دەل مۇشۇ مەنىدىن، بىز يولداش جياڭ زېمىننىڭ يىغىلىق يارتىشىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى يەنىمۇ ئۆزلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

## 4. ئومۇميلىقنىڭ تەرەققىياتىغا زىچ بىرلەشتۈرگەن ھالدا نەزەرىيە ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكى

(17) 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىنىڭ خاتىمىسىدە، بىر جەھەتتىن «بىز پارلاق، داغدام يول ئاچتۇق» دەپ كۆرسىتىلسە، يەنە بىر جەھەتتىن، «ئالدىمىزدىكى يولنىڭ ھەممىسىلا تۈز ئەمەس، جۈملىدىن ئالدىن پەرەز قىلغىلى بولىدىغان ياكى ئالدىن پەرەز قىلىش تەس بولغان، مەملىكەت ئىچىدىن ۋە مەملىكەت سىرتىدىن كېلىدىغان، ئىقتىسادىي ھاياتتا ۋە ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتتا پەيدا بولىدىغان تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ-خەتەرگە دۇچ كېلىمىز» دەپ كۆرسىتىلدى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا دوكلاتتا تەكىتلەپ مۇنداق كۆرسىتىلدى: «قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ-خەتەرلەرنىڭ ھەرقاندىقى بىزنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە بولغان چىڭ ئېتىقادىمىزنى تەۋرىتەلمەيدۇ، بەلكى بىزنى ئېخىمۇ ئاڭلىقلىق بىلەن مۇشۇ نەزەرىيىنى تەتبىق قىلىپ، قىيىنچىلىقنى تۈگىتىپ، خەۋپ-خەتەرنى يېڭىپ، غەلىبە بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان قىلىدۇ.» 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىدىكى بۇ چوڭ بىر ئابزاس سۆز ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بىزنىڭ يېڭى ئەسىرگە قاراپ ئۇلۇغ يۈرۈش قىلىشتا بولۇشقا تېگىشلىك مەيدان ۋە پوزىتسىيىمىزنى، تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ-خەتەرگە قارىتا بولۇشقا تېگىشلىك مەيدان ۋە پوزىتسىيىمىزنى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە قارىتا بولۇشقا تېگىشلىك مەيدان ۋە پوزىتسىيىمىزنى چۈشىنىشلىك، چوڭقۇر، مۇكەممەل قىلىپ ئىپادىلەپ بەردى. مېنىڭچە، بىزنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش يېڭى دولقۇنى قوزغىشىمىزنىڭ تۈپ سەۋەبىمۇ دەل شۇنىڭدىن ئىبارەت.

(18) بىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش بەلگە قىلىنغان ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇش ئۈستىدە تۇرۇۋاتىمىز، ھالبۇكى تارىخىي چوڭ بۇرۇلۇشنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە ئەكس ئېتىشى مۇقەررەر.

بۈگۈنكى كۈندە چوڭ پرىنسىپال خاراكتېرنى ئالغانلىكى مەسىلە، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، بەلكىم ھازىرقى جۇڭگونىڭ ئومۇمىيلىقىغا ۋە دۇنيانىڭ ئومۇمىيلىقىغا قانداق قاراشتىن، ئومۇمىيلىق قارىشى مەسىلىسىدىن چەتلەپ كېتەلمەيدۇ. ئومۇمىيلىق كۆزقارىشى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، مېنىڭچە، ئومۇمىيلىقنى، شەخس بىلەن ئومۇمىيلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل بىلەن كۆزىتىشتىن، يەنى دۇنيا قاراشتىن ئىبارەت. ئومۇمىيلىقنى ئىگەللەش دەرىجىسى بولسا نەزەرىيىنى ئۆگىنىش ۋە تەتبىق قىلىشنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. نەزەرىيە جەھەتتىن قوراللىنىش بىلەن دۇنيا قاراش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ئەنە شۇ. بۇنىڭمۇ ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق. چۈنكى بىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشىمىز ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىز، خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك، "ماركس سۆزلەپ باقمىغان، ئەجدادلىرىمىز قىلىپ باقمىغان، باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرمۇ قىلىپ باقمىغان ئىش". ئەمەلىيەتتە يەنە بىرنى قوشۇشىمىز مۇمكىن، 3-تومدا ئېيتىلغاندەك، "نەچچە مىڭ يىل مابەينىدە جۇڭگودا بولۇپ باقمىغان ئىش". بىز مۇشۇنداق ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇش ئۈستىدە تۇرىدىكەنمىز، بۇ بۇرۇلۇش ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى تەرەپ، يەنى ئاساسىي ئېقىم بىلەن تارماق ئېقىم، ئىجابىي تەرەپ بىلەن سەلبىي تەرەپ، غەلىبە بىلەن ئوڭۇشسىزلىق، نەتىجە بىلەن قىيىنچىلىق بىرلا ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە ئەكس ئەتمەي قالمايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلار ئوخشىمىغان كىشىلەردە تۈرلۈك ئوخشىمىغان ئىنكاسلارنى قوزغايدۇ. بۇ، مەملىكىتىمىزدىكى ئومۇمىيلىققا قارىتىپ ئېيتىلغان؛ دۇنيا ئومۇمىيلىقىدىكى ئۆزگىرىشمۇ ئوخشاشلا كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە ئەكس ئېتىدۇ.

(19) ھازىرقى دۇنيا ئومۇمىيلىقىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە ھازىرقى دۇنيا مىقياسىدىكى تۈرلۈك مەنىۋى مەدەنىيەت كۈچلىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىر قىلىشى بىزنىڭ دۇنيا قاراش قۇرۇلۇشىمىز ئۈچۈن سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل، ئۇ چېكىش-مۇرەككەپ تارىخىي مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشنى ھەم بۇلارنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك چوڭقۇر تەسىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى چوقۇم يۈرەكلىك بىلەن قوبۇل قىلىش كېرەك؛ "غەربچىلەشتۇرۇش"، "پارچىلاش" جۈملىسىگە كىرىدىغان نەرسىلەرگە بولسا چوقۇم سەگەكلىك بىلەن تاقابىل تۇرۇش كېرەك. بىز دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئىدېئولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ پەرقىدىن ھالقىپ كېتىشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلىمىز. لېكىن، غەربتىكى بەزى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن جۇڭگو ھەم شەرقىي ئاسىيادىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىنسان ھوقۇقى قارىشى، ئىگىلىك ھوقۇقى قارىشى، تەرەققىيات قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى، مىللەت قارىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ئوخشىماسلىقى، كۆپ چاغلاردا بەزى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ زورلاپ تېڭىشى تۈپەيلىدىن توقۇنۇش ھەتتا قاتتىق توقۇنۇشنىڭ يۈز بېرىشى بولسا ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك، چوڭقۇر خاراكتېرلىك يۈزلىنىشى بولىدۇ. يەنە شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى، ئۇچۇر ئىنقىلابى شارائىتىدا، غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە جۈملىدىن پۇل مۇئامىلىسى ۋە پەن-تېخنىكا جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغانلىقى بولۇپمۇ بىلىم جۇغلاش ۋە ئۇچۇر تارقىتىش ئىككى جەھەتتە غايەت زور ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغانلىقى، يەنە كېلىپ بۇلاردىن بەزى سىياسىي كۈچلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئەھۋالنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۇرۇۋەتتى، تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۇرۇۋەتتى.

(20) يەنە تارىخقا باغلاپ قارايدىغان بولساق، دۇنيا قاراش قۇرۇلۇشى مەسىلىسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ۋە مۇرەككەپلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. جۇڭگونىڭ چۇنچيۇ-جەنگو دەۋرىدىن تارتىپ چىن سۇلالىسى جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى ئىلمىي ئېقىملارنى ھەممىمىز ئوبدان بىلىمىز. بۇ ئىلمىي ئېقىملار ماھىيەتتە ئەينى چاغدىكى دۇنيا قاراش مەسىلىسىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ۋە مۇرەككەپ بولغانلىقىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئەگەر، چۇنچيۇ-جەنگو دەۋرىدىن تارتىپ چىن سۇلالىسى جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى ئىجتىمائىي زور ئۆزگىرىشكە جۇڭگو تارىخىدا تۇنجى قېتىم بارلىققا كەلگەن، ئەھمىيىتى زور بولغان "ئىلمىي ئېقىملار دەۋرى" ھەمراھ بولدى، دېيىلسە، ئۇنداقتا يېقىنقى زاماندىن بېرى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئۇزاق داۋام قىلغان فېئوداللىق جەمئىيەتتىن يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئايلىنىپ قېلىشىدەك ئىجتىمائىي چوڭ ئۆزگىرىشكە ھەمراھ بولۇپ، جۇڭگونىڭ تارىخىي سەھنىسىدە سىنىلىش ئارقىلىق ساقلىنىپ قالغان ۋە شاللىنىۋېتىلگەن جۇڭگونىڭ ھەم غەربنىڭ ھەر خىل ئېقىمدىكى دۇنيا قاراش ۋە تەرەققىيات لۇشيەنلىرىنى جۇڭگو تارىخىدا ئىككىنچى قېتىم بارلىققا كەلگەن، ئەھمىيىتى زور بولغان "ئىلمىي ئېقىملار دەۋرى" دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا، كېلەر ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا، بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالغا نەزەر سالساق، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم ئاساسىدا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىدەك ئىجتىمائىي چوڭ ئۆزگىرىشكىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ يەر شارى بويىچە ئومۇملىشىشىغا، دۇنيادىكى يېڭى پەن-تېخنىكا ئىنقىلابىغا ۋە دۇنيانىڭ يېڭى ئىستراتېگىيىلىك قۇرۇلمىسىغا ھەمراھ بولىدىغىنى جۇڭگو تارىخىدا ئۈچىنچى قېتىم بارلىققا كەلگەن، دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ، ئەھۋالى تېخىمۇ مۇرەككەپ، ئەھمىيىتى تېخىمۇ زور بولغان "ئىلمىي ئېقىملار دەۋرى"دۇر. دەل شۇنداق بولغانلىقتىن، دۇنيا قاراش مەسىلىسىنىڭ ئۇزاق مەزگىل ئىچىدە ھەر دائىم، قايتا-قايتا ۋە ئۈزلۈكسىز ھالدا باشقىچە شەكىلدە بارلىققا كېلىپ تۇرۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش بولمايدۇ. بۇنىڭغا نىسبەتەن بىزدە روھىي جەھەتتە تولۇق تەييارلىق بولۇشى كېرەك.

(21) يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1992-يىلى جەنۇبتا سۆزلىگەن سۆزىدە مۇنداق دېگەن: "جۇڭگونىڭ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا بېكىتىلگەن تەرەققىيات لۇشيەنىنىڭ پۈت تىرەپ تۇرۇش-تۇرالماسلىقى كۆپچىلىكنىڭ تىرىشچانلىقىغا، بولۇپمۇ كېيىنكى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشكە باغلىق." بۇ نېمىدىگەن سالمىقى بار گەپ-ھە! ئۇنىڭ "جۇڭگونىڭ تەرەققىيات لۇشيەنى" دېگەن سۆزى ۋە "بولۇپمۇ كېيىنكى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشكە باغلىق" دېگەن نەسىھىتى بىزنىڭ ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈشىمىزگە بەك ئەرزىيدۇ. بۇ بىر ئابزاس سۆز بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى پۈتۈن بىر يۈرۈش نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت زامانىمىزدىكى جۇڭگو ماركسىزمى، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، مىللىتىمىزگە سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 20 يىلىدا ۋە 21-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 50 يىلىدا قانداق قىلىپ تەرەققىياتنى تېزلىتىش، دەۋرگە يېتىشىپ مېڭىش ۋە دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مەقسەت قىلىنغان مۇشۇنداق بىر تەرەققىيات لۇشيەنىنى تەقدىم قىلدى. بۇ بىر ئابزاس سۆز بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئۆزى سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبىسى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ

ئېيتقان 2-قەدەملىك ئىستراتېگىيىلىك نىشانىمىزنىڭ ئىشقا ئېشىشى "سوتسىيالىزمنىڭ بىر مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدۇ"، 3-قەدەملىك ئىستراتېگىيىلىك نىشانىمىزنىڭ ئىشقا ئېشىشى بولسا، "كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، سوتسىيالىزمنىڭ ۋۇجۇدقا چىققانلىقى بولىدۇ" دېگەن سۆزلىرىمۇ شۇ مەنىدە ئېيتىلغان سۆزلەردۇر. بۇ بىر ئابزاس سۆز يەنە بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، بۇ لۇشيەندە چىڭ تۇرۇشتا ھەمدە ئۇنى ئومۇمىيۈزلۈك، غەلىبىلىك ئىشقا ئاشۇرۇشتا تەربىيىلەش ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېغىر، "بولۇپمۇ كېيىنكى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش" ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېغىر.

(22) قىسقىسى، مەملىكىتىمىزدىكى ئومۇمىيلىق ۋە خەلقئارادىكى ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتقاندا، دۇنيا قاراش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى، چوڭقۇرلۇقىنى، مۇرەككەپلىكىنى كۆزدە تۇتقاندا، پۈتۈن پارتىيىمىزنىڭ ئۆگىنىش مەسىلىسى، ئالدى بىلەن بىز رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ئۆگىنىش مەسىلىسى ئالاھىدە مۇھىم ۋە جىددىي بولۇپ قالدى. بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىز ئەلۋەتتە نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى ئۆگىنىش، نەزەرىيىنى ھەرقايسى ساھەلەردىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا دائىر ئەمەلىي بىلىم ۋە تارىخىي بىلىملەر بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى ئۆگىنىش، نەزەرىيىنى مەملىكىتىمىزدىكى ئومۇمىيلىق ۋە خەلقئارادىكى ئومۇمىيلىقنىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى ئۆگىنىش بولۇشى لازىم. ئۆگىنىشنى مۇشۇنداق چۈشەنگەندە، ئۆگىنىشكە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلغاندا، ئۆگىنىشىمىزنىڭ مەزمۇنى دائىم يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىمۇ دېدۇق، بۇنىمۇ دېدۇق، بىر سۆزگە يىغىپ ئېيتقاندا، ئۆگىنىش ئىنتايىن مۇھىم، ئۆگىنىشنى مەملىكىتىمىزدىكى ئومۇمىيلىق ۋە خەلقئارادىكى ئومۇمىيلىقنىڭ يېڭى تەرەققىياتى بىلەن تېخىمۇ زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: رىسالەت ئابلا**
**ئادالەت مۇھەممەت**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ISSN 1006-5857

9 771006 585006 09>

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5－V　刊号:ISSN1006－5857/CN11－2498/D
邮发代号:2－373　定价:2.40元　邮政编码100013